ئابلەت جۇمە تۇپراق، ئەسقەر ئەخمەدى

# قىيالىق تاغدىكى شاپائەتچى ـ ۋۇدىڭيۇن

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: **گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن**
مەسئۇل كوررېكتورى: **قەمبەرگۈل ئوسمان**

# قىيالىق تاغدىكى شاپائەتچى — ۋۇدىگيۇن

ئاپتورلىرى: **ئابلەت جۇمە تۇپراق**
**ئەسقەر ئەھمىدى**

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھرى تارىبوغۇز يولى14 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 م م 1/32
باسما تاۋىقى : قىستۇرما ۋارىقى:
2010ـ يىل ـ ئاي 1ـ نەشرى
2010ـ يىل ـ ئاي 1ـ بېسىلىشى
تىراژى : — 1

ISBN 978—7 —5373 —

باھاسى : يۈەن

سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927 — 0998

**图书在版编目（C I P）数据**

中国版本图书馆 C I P 数据核字（2003）第 110165 号

责任编辑：**姑丽巴哈尔· 麦麦提依明**
责任校对：**坎拜古力 ·吾斯曼**

# 吴登云

**作者：阿布来提·居马·土普热克**
**艾斯卡尔·艾赫米迪**

---

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
（喀什市塔吾古孜路 14 号邮编：844000）
**各 地 新 华 书 店 经 销**
**喀什维吾尔文出版社印刷**
880×1230 **毫 米** 1/32 **开本　印 张　插页**
2010 **年 月第** 1 **版**　2010 **年 月第**1**次印刷**
**印数：**1－　**定价：　元**

---

如有质量问题，请与我社联系调换　电话：0998 — 2653927

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە .........................................
ئىسسىق قان .......................................
ئىزدىنىش .......................................
قايتا كۆز ئاچقاندا ........................
ياشارغان تەن ..............................................
دادام دەپ چاقىرغۇسى بار ئادەم ................................
سۇ بويىدىكى ھەمراھ ............................................
دوختۇر روھى .......................................................
ئوقسالۇردىكى جەڭ ...............................................
يىلتىز بىخ سۈرىدۇ ..................................
مەنبە ـ ئەسلىدە سىز! ............................................
كېسەلنىڭ ئۆگىيى يوق ..............................................
ئاھ قان، ئاھ جان! ................................................
يۇقالغان بىمار ......................................................
ئۆكسىگەن تىنىققا جان بەرگەن ئۇدۇم ..............................
ياخشى دوست ـ كىتاب .............................................
ۋۇدىڭيۇنىنىڭ يۈرەك پارىسى ..........................................
خاتىمە ..................................................................

# مۇقەددىمە

دەۋر قەھرىمانلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ۋۇدىڭيۇنىنڭ ئىش-ئىزلىرىغا قىزىقىپ كېلىۋاتقانلارغا خېلى يىللار بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭغا سەۋەب بولغىنى ۋۇدىڭيۇنىنڭ ئىش -ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان ماقالە - ئەسەرلەر، خەۋەر ۋە تېلېۋىزىيە فىلىملىرى بولۇپلا قالماستىن، غۇپۇرجان ئىسمىلىك ساۋاقدىشىمىنىڭ ۋۇدىڭيۇن ھەققىدە ئېيتىپ بېرىدىغان ياخشى تەرەپلىرى ۋە سۆيۈنۈشلىرى ئىدى. مېنىڭ بۇ ساۋاقدىشىم ئۇلۇغچات چېگرا مۇداپىئە قىسمىدا 20 يىل رەھبىرىي خىزمەت ئىشلىگەن. مۇشۇ جەرياندا ئۇ ۋۇدىڭيۇنىنڭ نۇرغۇن تەسىرلىك ئىشلىرىنى كۆرگەن، ئۆزىمۇ سوقۇر ئۈچەي كېسەللىكىنى ۋۇدىڭيۇنگە ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ ساقايغان. غۇپۇرجان مۇنداق دېدى: ئادەم ئىش قىلغانغا ھېچ نەرسە بولمايدىكەن، ۋۇدىڭيۇن بىر كۈندە قىلغان ئىشنى بەلكىم ھەرقانداق ئادەم قىلالماسلىقى، ۋايىسشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىشلىرى بەكمۇ ھېسابسىز. ئەڭ تەسىرلىك ئىش: بىز نەچچە يىل ھەربىيلىكتە چىنىققان، بارالمايدىغان قىيالىقلارغا ۋۇدىڭيۇن بارىدۇ. شارائىت ھەرقانچە جاپالىق بولسىمۇ، ۋۇدىڭيۇن جېنى بىلەن ئويناشقاندەك بارىدۇ، ئۆلۈۋاتقان ئادەملەرنى بىر ئامallارنى قىلىپ قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. بۇ ئاجايىپ پەزىلەت. ئۇنىڭدا ياكى پۇل، مەنپەئەت تاماسى، ياكى شۆھرەت، ھوقۇق تاماسى بولمىسا! مەن ئۇ ئادەمنىڭ پەزىلىتىدىن دوختۇر دېگەن ئەسلى شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىكەن دەپ قالدىم. ئۇنىڭ ئەجىر - ئەمگەكلىرى، پۈتۈن ھاياتىنىڭ قىممەتلىك مېۋىلىرى ئاشۇ زېمىندىكى قىيالار، جىرالار، نۇرغۇن كىشلەر بىلمەيدىغان جايلاردا قالدى. لېكىن، ئۇ ئاشۇ يەردىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە چاقنىغان يۇلتۇز،يۈرۈكىگە ئوت ياققان ئاتەش،تەپەككۇر ئاسمىدا پەرۋاز قىلغان قەيسەر بۈركۈتكە ئايلاندى!...

بۇ تەرىپلەر ئادەمنى بەكمۇ ھاياجانغا سالاتتى. ئاشۇ تەرىپلەرنى يىپ ئۇچى قىلىپ، ۋۇدىڭيۇن ھەققىدىكى ئىزدىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرى نامايان قىلىنغان بۇ كىتابچىنى سەمىڭلەرگە سۇندۇق.

# ئىسسىق قان

ھەر كىم ھاياتقا كۆلۈپ باقسام دەيدۇ، بىراق ھەقىقەتەن شۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.چۈنكى ئادەم بىر كۈن كۈلسە، يەنە بىر كۈن يىغلايدۇ، بۇ ئەلمىساقتىن ئۇدۇم قىلىغان ئىش. مەيلى قانداقلا بولسۇن، كۈلۈپ ياشىغانغا، كۈلۈپ ئۆتكەنگە يەتمەيدۇ. شۇڭا ئىرادىلىك ئادەملەر ھەر قانداق ئەھۋالدا ھاياتقا كۈلۈپ مۇئامىلە قىلىش بىلەن مەنا ھازىرلايدۇ،ھاياتلىق قىممىتىنى يارىتىدۇ...

ۋۇدىڭيۈن بۇ يەرگە كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە بۇنچىلىك ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان، ھەتتاكى ئۇ ئۆنى ئىچىگە چۈشۈپ، چۈشكە ئوخشاپ كېتىدىغان يىگانە ھاياتىدىن، كەلگۈسى ئىستىقبالىدىن غەم قىلىشقا باشلىغانىدى.مانا ئەمدى بىر قانچە كۈن ئۆتتۈدى، ئۇنىڭ ئۇستىخنى چۈشۈپ، دىلى يۇمشاپ قالدى،ئۇنىڭغا ئۇچرىغان كىشىلەردىكى قىزغىنلىق، ئاددا- ساددا سەممىيلىك ئۇنىڭ قەلبىدىكى قاراڭغۇلۇقنى يۇرىتىشقا باشلىدى.بۇ ھال ئۇنىڭ تەپەككۇرىنى بىر بالداق، بىر بالداقتىن يۇقىرىغا ئۆرلىتىپ،كىشىلىك تۇرمۇش، ھايات ئۈچۈن قايتا ئويلىنىشقا دەۋەت قىلدى.ئۇ ھاياتقا كۈلۈپ بېقىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. ئېنىقكى، ئۇ ھاياتقا كۈلۈپ باقمىسا، ھاياتمۇ ئۇنىڭغا كۈلۈپ باقمايتتى. بۇ ئۇنىڭ دەسلەپكى كۈنلەردىكى مەيۈسلىكى ئېلىپ كەلگەن بىچارىلىقدىن قۇتۇلۇش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ئۇتۇقى بولۇپ،مەيۇسلىكلەر ۋە شەرت- شارائىت پەيدا قىلغان ئازابلارنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئۇنى يېڭى ھاياتقا مەزمۇت قەدەم قويۇش يولىغا باشلاپ ماڭدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكەن كەچمىشلىرىنى ئەسكە ئېلىپ،شارائىت ئالدىدا ئۆزىگە تەمەننا قىلىشنىڭ يولى يوقلىقىنىمۇ چۈشۈنۈپ يەتتى. ئۇ بۇ بىر قاتار رىئاللىقنى ئېتىراپ قىلمىسا، قوبۇل قىلمىسا ۋە ئالدىغا قاراپ، يېڭىش ئىرادىسى بىلەن ئىش قىلمىسا بولمايتتى.ئۇنىڭ ئوقۇش تارىخى،باشقا

جايلاردىكى ياخشى شەرت ـ شارائىت ۋە بۇ يەر ھەققىدە ئويلىغانلىرى توغرىسىدا خىيال قىلسا، ئۇ ھەقىقەتەن ئازابلىنىپ قالاتتى. چۈنكى ئۇ 1964 ـ يىلى ياڭجۇۋ تېببىي ئالىي تېخنىكوم مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تاللىشى بىلەن ئەڭ چەت، يىراق چېگرا رايون ئولۇغچات ناھىيەسىگە كەلگەندى.

پامىر ئېگىزلىكىگە جايلاشقان ئۇلۇغچات ناھىيەسى قاتمۇ قات تاغلار ئۇراپ تۇرىدىغان قاتناش، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش قامداش شەرت ـ شارائىتى ئىنتايىن ناچار تاغلىق رايون ئىدى،ئەڭ قۇرقۇنۇچلۇق ۋە ئەڭ ئېغىر مەسىلە بۇ رايوندا ئېغىر دەرىجىدە ئوۋسىگەن يېتىشمەسلىك مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ ھاياتقا ھە دېگەدىنلا تەھدىت ۋە خىرىس پەيدا قىلىپ تۇراتتى.يازنىڭ ئىسسىقى ئاز، قىشنىڭ سوغىقى ئىنتايىن كۈچلۈك، ھەمىشە سوغۇق شامال بىلەن تەبىئىي ئاپەتلەر تەھدىت سېلىپ تۇرىدىغان بۇ زېمىن ئۇنىڭغا شۇ قەدەر سىرلىق ھەم قورقۇنۇچلۇق تۇيۇلدى،لېكىن ئۇ بۇ چاغدا يەنە مۇشۇنداق بىر مۇھىت ئىچىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھېچ بىر ئىكىلەنمەي تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھېلىقى قورقۇنۇچلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتتى،بۇ ئۇنىڭ يەككە ھالدىكى ئويلىشىدىن ئەمەس، ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئورنىدا قويۇشى، باشقىلارنىڭ ھاياتىنى، تۇرمۇشىنى، ئوم،ۇمىي ھالىتىنى ئويلىشىدىن كەلگەن يەكۈنى ئىدى.ئۇ دەسلەپتە بەك چوڭقۇر ئويلىنىپ كەتتى، خىيال دەرياسىغا غەرق بولدى، ھەتتاكى ئۇنىڭ بۇ يەردىن تېزدىن كەتكۈسى كەلدى، قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇنى ئىتتىرىپ، ئىچىنى سىقىپ، يەنە بىر قېتىم قاڭقىپ بېقىش تۇيغۇسىنى قوزغاتتى.بىراق ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى تەپەككۇرىدا ھاسىل بولغان قىزىقسىنىش ۋە كەسپىي خاراكتىر ئۇنى مەھكەم باغلاپ، ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ، قانتلىرىنى بوغۇچلاپ تۇردى. بۇ ئۇنىڭ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشىنى بىر خىل ئىچكى رىغبەت بىلەن تەمىنلىدى. مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان چاغدا ئۇ بارلىقىمنى خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن تەقدىم قىلىپ،ئەڭ يىراق، ئەڭ چەت، جاپالىق جايغا بېرىپ،ئۆزەمنىڭ بىر تېببىي خادىمغا خاس بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ، ۋەتەن ، خەلققە ياخشى جاۋاب قايتۇرىمەن دەپ ۋەدە قىلغان ھەم ئارزۇسى بويىچە تەقسىم قىلىنغان.

هالبۇكى، ئەمەلىي رىئاللىق ئۇ ئۆسكەن قايناق شەھەردىكىدەك جانلىق، قولاي، دەپدەبىلىك، يارقىن ئەمەس ئىدى.شۇڭا ئۇ شۇ يەردىكى تاغلارغا، قىيالارغا، جىرالارغا باردى، تاغ ئۈچىسىغا چىقىپ توۋلاپ ئىچىنى بوشۇتۇپمۇ باقتى. بىراق ئۇ ئەڭ ئېغىز چوقىنى تاپىمان دەپ چوقىلارغا ئۆرلەپ، «تاغنىڭ ئارقىسىدا تاغ بار»لىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى؛ ئ.ۋ شۇ يەردىكى كىشلەنرىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ شۇ قەدەر ناچارلىقىنى، داۋالىنىش ئىماكىنىيتىنىڭ شۇ قەدەر ئازلىقىنى كۆرۈپ شۇنچىلىك كۈچلۈك ھېسداشلىق ۋە ياردەم قىلىش تۇيغۇسىغا تولدى.ئۇ ئاخىرى مەن ئۇلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشىم كېرەك، مەن ئۆزەمنى مۇشۇ زېمىندىمۇ يارىتالايمەن، بەخت يەردىن ئەمەس، تەردىن كېلىدۇ.مەن نېمىشقا ئادەملىك پاراستىم، كەسپىي ئىقتىدارىم بىلەن بۇ يەرگە تەر ئاققۇزمايمەن، دېگەنلەرنى خىيال قىلدى.شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ دىلى بىردىنلا يورىدى، قولى ئىشقا باردى، قىلغان ئىشلىرى بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى،قىلغۇسى كەلمىگەن ئىشلار رايىشلىق بولۇپ قالدى ھەم ھەر بىر ئىشىدا ھوزۇر چېس قىلىشقا باشلىدى.مانا بۇلارنىڭ ئۇنىڭ تۇمۇرلىرىدىمۇ ئىسسىق قان بولۇپ ئېقىشقا باشلىدى.

# ئىزدىنىش

ھەش- پەش دېگۈچە ئادىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى، ۋۇدىڭيۇن بۇ يەردىن كىشلەر ئىچىدە بىردىن بىر خەنزۇ دوختۇر بولۇپ تونۇلدى،«دوپپىدەك بار» بۇ كىچىك ناھىيە بازىرىدا ئۇنى تونىمايدىغان ئادەم قالمىدى. ئۇ بۇنداق ئاتاقنى سەممىي، قىزغىن مۇئامىلىسى، بىمارلارغا كۆيۈنۈش جەھەتتىكى ئالاھىدە كۆيۈنۈش، بېرىلىش، شەخسىيەتسىز ئەجىر سەگدۈرۈشتەك پەزىلىتى، كىشلەر بىلەن چىقىشقاقلىقى بىلەن قولغا كەلتۈردى.

1966 ـ يىلى قەھرىستان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى.سۇغۇق قاتتىق بولۇپ، شىۋىرغان ۋۇشقىتىپ تۇراتتى، يەڭ ئىچىدىن قولنى چىقارغىلىمۇ بولمايتتى.دەل شۇنداق مىنۇتلاردا ۋۇدىڭيۇن ئۆيىدىن چىقتى.ئۇنىڭ ئىچكى تەپەككۇرىدىكى جىددىيلىك چىرايىغا چىققاندەك غەمگە پاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، نېمىلەرنىدۇ پەرەز قىلىشلىرى ئويچان كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى،ئېغىر روھى ھالەت ئۇنىڭ بەدىنىنى بېسىپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

ئۇ كوچىدا يالغۇز كېتىپ باراتتى.ئۇلۇغچات ناھىيە بازىرىنىڭ ئىچى شۇنچىلىك ئاددى ھەم گىياھسىز ـ قاقاس بولۇپ،شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن قۇم- توپا ھېچ بىركىمگە ئاراملىق بەرمەيتتى.يول بويىدىكى ئۆيلەرنىڭ تاملىرىغا چاپلانغان شۇئارلار، ۋەرەقىلەرنى شامال ئۇچۇپ،كوچىلارنىڭ ھەممىلا يېرىنى مەينەت قىلىۋەتكەنىدى.ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ ئادەم ئانچە كۆپ بولمىغان ناھىيە بازىرى كوچىلىرىدا بۈگۈن بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى، بۇ بىر خىل سىرلىق تۇيغۇ پەيدا قىلىپ، ئادەمنىڭ روھىنى چۈشۈرۈپ،نىرۋىلىرىنى جىددىيلەشتۈرەتتى. سۈكۈت بىلەن شامالنىڭ ۋۇشقىتىشىدىن پەيدا بولغان سورەن ئادەمگە ھۇجۇم قىلىپ، قورقۇنچ ۋە بىئاراملىق تەھدىتى ئېلىپ كېلەتتى.

ياش دوختۇر ۋۇدىگيۇن ئەنە ئاشۇنداق كوچىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل شىنخۇا كىتابخانىسىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ قوياتتى - يۇ، خىيال بىلەن باشقا ھېچ نەرسىگە نەزەر سالمايتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا بۇنىڭدىن بىر قانچە كۈن بۇرۇن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەن بىر قىرغىز ئايالنىڭ ناچارلاشقان سالامەتلىكى ۋە ئۇنى قانداق قىلىپ داۋالاش، ساقايتىشنىڭ غېمى بار ئىدى. قەھرىستان سوغۇق، قاتتىق شۇۋىرغان شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ھېچقانچە تەسىر قىلىپ كېتەلمىدى. كىتابخانىغا بارغاندا، بۇ يەردىمۇ بىر - ئىككى كىشىدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى.بۇ ھال ئۇنىڭغا تەسىر قىلمىدى، ئۇنىڭ تۈيغۇسىدا يەنىلا بايىقى ئايالنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا ياردىمى تېگىدىغان بىر كىتاب ياكى بىرەر كىتابتىن ئۇنىڭغا باب كېلىدىغان مەزمۇنى تېپىشلا بار ئىدى. ئۇ كىتاب تاكچىلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرۈشكە، كىتابلار ئارىسىدىن باب كېلىدىغان مەزمۇنلارنى ئىزدەشكە باشلىدى.شۇ يىللاردا بۇ كىتابخانىنىڭ نامى چوڭ بوپىلسىمۇ، تۈزۈكرەك كىتاب تاپقىلى بولمايتتى،كىتابلارنىڭ تۈرى ئاز بولۇش بىلەن بىر چاغدا، سانىمۇ شۇنچىلىك ئاز ئىدى، بىراق ۋۇدىگيۇن يەنىلا مۇشۇ كىتابخانىغا كىرىشكە، بۇ يەردىن بىلىم تولۇقلاشقا، كىتاب سېتىۋېلىشقا بەكمۇ خۇشتار ئىدى، ئۇ مۇشۇ ئۈچ يىل داۋامىدا بۇ كىتابخانىغا ئارام تاپسىلا كىردى، بەزىدە كۈندە نەچچە رەت كىرىدى، ئۇنىڭ بۇ يەرگە دەسسەلگەن ئىزلىرىنىڭ سانىنى بىلگىلى بولمايتتى، شۇنىڭغا يارىشا ئۇ بۇ كىتابخانىدىن نۇرغۇن كىتابلارنى ئالدى، نۇرغۇن بىلىممۇ مۇشۇ يەردە ئۇنىڭغا ھامىي بولدى.كىتابخۇمارلىق ئۇنىڭغا يۇقتىپ قويىدۇم دەپ قارىغان نۇرغۇن نەرسىلىرىنى تېپىپ بەردى؛ ئەندىشە، ئازابلىرىنى ئۇنتۇلدۇردى، بىچارىلىق- غېرىپلىقنىڭ مۇڭ- دەرتلىرىنى يېنىكلەتتى، قانداق قىلىش زۆرۈرىيەتلىرىنى ۋە نېمە قىلىشنى تونۇتتى،ئىچى پۇشقىنى چىقاردى،يالغۇزلۇقنى ھېس قىلدۇرمىدى، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ بىلىمگە بولغان تەشنالىقنى ئەڭ زور دەرىجىدە قاندۇردى. مانا بۇ ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئارامخۇشلۇقى، ئەڭ چوڭ بەختى ئىدى!

ئۇ بۈگۈنمۇ ئاشۇ يەرگە ھېلىقى بىمارغا نىجاتلىق، بەخت ئىزدەش تاماسىدا كەلگەنىدى.ئۇ شۇ چاغدا بۇ ھەم ئۆزەم ئۈچۈن ئىزدىنىش، ھەم

باشقىلار ئۇچۇن بولغان ئىزدىنىش، دەپ ئويلىدى. دېمىسىمۇ ئادەم بىرەر ئىشقا يولۇققاندا ئالدى بىلەن ئۆزى ئۇچۇن ئىزدىنىدۇ، ئۆزى ئۇچۇن ئويلىنىدۇ، ئاندىن ئۆزىگە تەسىر كۆرسەتتىدىغان ئىشلار ئۇستىدە ئويلىنىدۇ، ھالبۇكى، ۋۇدىڭيۇنىڭ ئويى كۆپ ھاللاردا ئالدى بىلەن باشقىلار ئۇچۇن ئويلىنىش بولۇپ كەلدى. بۇ ئۇنىڭ ئادىتى ۋە كىشلەر ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ سەۋەبچى ئاملى بولۇپ قالغانىدى.ئۇ كىتابخانىدا ھېلىقى ئايال ئۇچۇن ناھايىتى ئۇزاق ئىزدەندى، بىراق ئۇنىڭغا ئۇچرىغان ئەڭ مۇھىم نەرسە، يەنىلا سۇئال بىلەن قەتئىيلىك بېرىكىپ كەتكەن تۇيغۇ ۋە قىزغىنلىق بولدى.ئۇ ئاشۇ سۇئاللارغا بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بېرىپ باقتى، لېكىن ئۇنىڭچە بۇ يېتەرلىك بولمىدى.ھېلىقى ئايالغا ئەڭ كۈچلۈك تەسىر قىلىدىغان ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك دورا بولىدىغان نەرسە قان ئىدى. ۋۇدىڭيۇن بۇ ھەقتىكى سۇئاللارغا ئۆزى ئۆگەنگەن بىلىملەر، كىتابلاردا قەيت قىلىنغان دالالەتلەر ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا توپلىغان تەجرىبىلەر ئارقىلىق جاۋاب تاپتى. لېكىن، قان نەدە؟ كىمنىڭ قېنى ئەڭ مۇۋاپىق؟! بۇ ئەڭ قىيىن، ئەڭ مۇشاقەتلىك تەرەپ ئىدى. ۋۇدىڭيۇن كىتاب كۆرۈۋېتىپ شۇلارنى ئويلاندى...ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلىقى ئايالنىڭ ھاياتلىق ئۈچۈن تېپىچەكلەۋاتقان كۆزلىرى، ئۈمىد بىلەن ئۆزىگە قادالغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ كۆزلىرى نامايان بولدى...

بۇ ۋۇدىڭيۇن مەڭگۈ ئېسىدىن چىقىرالمايدىغان مىنۇتلار، كۈنلەر ئىدى. ۋۇدىڭيۇن مەسئۇل دوختۇر بولۇپ داۋالىنىۋاتقان شۇ ئايال بىر نەچچە تاغدىن ئۆتۈپ كەلگەن بولۇپ، تۇغۇتتا زەخىملەنگەن، ئۇنىڭ بالاياتقۇسى قاناپ،سالامەتلىكى ئىنچىل ناچارلاشقانىدى. ئەينى چاغدا ئايال ئائىلە تۇغدۇرۇلغان، تۇغۇش شارائىتى ناچار، تۇغۇتتىن ئىلگىرىكى ئۇزۇۋقلىنىشى يېتەرسىز، تۇغۇتتىن كېيىنكى بېقىش، مۇھاپىزەت قىلىش يېتەرلىك ئەمەس،كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، بالدۇر بايقىماسلىق، بالدۇر ئالدىنى ئالماسلىق، يېتەرلىك داۋالىماسلىقتەك سەۋەبلەردىن ھاياتى قىل ئۈستىدە قالغانىدى. ئايال ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، ۋۇدىڭيۇن بارلىق تىرىشچانلىقنى ئىشقا سېلىپ داۋالىدى، كۆيۈندى، كۆپ خىل تەدبىرلە رئارقىلىق كېسەللىك ئەھۋالىدىكى قان

سىزىشنى كونترول قىلىپ، كېسەلنى ئاساسىي جەھەتتىن كونترول قىلدى. بىراق ئايالنىڭ بالاياتقۇسىدىن ئۆزاق مۇددەت قان سىزىش سەۋەبىدىن قان يۇقتىش خاراكتېرلىق قان ئازلىق پەيدا بولۇپ قالغانىدى. بۇ ھال بىمارنى بىر تېرە، بىر سۆڭەك قىلىپ قويغان، كۆزلىرى چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، چىرايى تاتىرىپ، روھى شۇ قەدەر سۇلغۇن بولۇپ قالغان، كۆپ خىل ئەگەشمە كېسەللىك ئۇنىڭ ئاشقازان ئىقتىدارىنىمۇ نابۇت قىلغانلىقتىن، تاماق يېيىشمۇ سىڭمەيتتى ياكى قۇسۇپ ياندۇرۇپ، بىئارام بولاتتى.

بىر كۈنى ۋۇدىڭيۈن ئۇنى كېسەل كارىۋىتىدىن چۈشۈرۈپ، ئاز - تولا ھەرىكەت قىلدۇرۇپ، بەدىنىنىڭ قان ئايلىنىشىنى ياخشىلاشقا ھەيدەكچىلىق قىلدى، كۈتمىگەن يەردىن ئايال قارا تەرگە چۈمۈپ ھالسىزلىنىپ ھۇشىدىن كەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇنى دەرھال جايىغا ياتقۇزدى، ۋۇدىڭيۈنمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا قورقۇپ كەتتى، ئۇ ياخشى كۆڭلۈم يامان تەسىر بېرىپ قويدىمۇ قانداق دەپ ئويلىدى. بىراق بىمار ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ، ئۇنىڭ بىئاراملىقىنى چۈشىنىپ، ئۆكۈنمەسلىكىنى ئۆتۈندى. بۇ ھال ۋۇدىڭيۈنىنىڭ يۈرىكىنى تېخىمۇ ئەزدى، شۇ چاغدا ئۇنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن كۈچلۈك كۆيۈنۈش چولغىۋالدى، ئۇنىڭ دىلىنى، كۆڭۈل تەكتىنى تېخىمۇ كۈچلۈك قىزغىنلىققا غەرق قىلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى باشقىچىلا سېلىپ كەتتى، دىلى بىردىنلا ئاچچىق ھەسرەت بىلەن كۆيدى...

راستىنى دېسە، ۋۇدىڭيۈن بىمار ئۈچۈن ھەممە تىرىشچانلىقنى قىلدى، بېرىشكە تېگىشلىك دورىلارنى بەردى، ئۇرۇشقا تېگىشلىك ئوكۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئۇردى. نۇرغۇن تېبىبىي كىتابلارنى كۆردى، ئۆگەندى، بىمارنىڭ ئومۇمىي ھالىتىگە، ئەھۋالىغا تەدبىقلاپ باقتى... بۇ ئۇنىڭ ئىچىنى سىقتى، قەلبىنى ئۆرتىدى، ھەتتاكى بىمارنى ھەر قېتىم يوقلاپ كىرگەندە، ئۆزىنىڭ ياخشى داۋالىيالماي قالغانلىقىدەك بىر تەرەپلىمىكىدىن خىجىل بولۇش كەيپىياتىدا بولدى، شۇنداق چاغدا ۋۇدىڭيۈن تاغ باغرىغا بېرىپ، تاغلارغا، ئاسمانغا قارىدى، ئۇ ئاسماندا ئەگىپ يۈرگەن پامىر بۈركىتلىرىنى كۆردى، ئۇنى تاماشا قىلدى، ئۇ بۈركۈتلەر سوغۇق بولسىمۇ، تومۇز ئىسسىق بولسىمۇ، جۇدۇن- چاپقۇن

بولسمۇ، ئەركىن پەرۋاز قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلاتتى. ۋۇدىڭيۈن بەزىدە بۈركۈت ئاشۇنداق تىنىمسىز ئۇچۇپ قانىتىدىنى تاۋلايدىكەن،ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاسرايدىكەن، ئۇنىڭ جەسۇرلۇقى ئاشۇنداق ئۇچىشى ئارقىلىق يارىلىدىكەن ـ دە؟ دەپ ئويلايتتى،بۈركۈت روھى ئۇنى قانداقتۇر رىغبەتكە، جاسارەتكە ئىگە قىلاتتى. بايىقى بىمار سەۋەبلىك ئۇ نەچچە قېتىم ئاشۇ بۈركۈتلەرنىڭ پەرۋازىغا نەزەر سېلىپ، خىيالىي تەپەككۇرىنى تاۋلىدى.ئۇ بۇ بىمارنى چوقۇم ساقايتىشىم كېرەك ،دېگەن قارارغا كەلگەندە،ئۆزىنىڭ كىچىكمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى، ۋۇدىڭيۈنىنىڭ ھەرقانداق ئىزدىنىشلىرى ئۇنىڭغا بەرگەن كۆيۈمدەك كۈچلۈك، ئەمەلىي، تەكرار، جانلىق بولمىغانىدى. نۇرغۇن جەريانلار ، ئويلىنىش، تەدبىقلاش ئاخىرىدا ئۇنىڭغا بىمار ئۈچۈن قان بېرىشتىن ياخشى يولنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى.

ۋۇدىڭيۈن بىمارغا قان بېرىشنى كىچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، ئۇنى بىر كۈن كىچىكتۈرسەك ، بىمارنىڭ ئەھۋالى بىر پەللەك ئاجىزلىشى مۇمكىن دەپ قارىدى.ئەمما قاننى نەدىن تېپىش، قانداق سېلىش كېرەك؟ بۇ يەردىكى كىشلەر قان ـ دېسە، جان دەيدۇ، كىملەرگىدۇ قان بېرىشنى ياقتۇرمايدۇ، راۋا كۆرمەيدۇ، قان بېرىش ئارقىلىق باشقىلارغا شاپائەت قىلىشنى ئادىمىيلىك دەپ قارىمايدۇ، قان بېرىش ئادىتىمۇ يوق، كىملەرگىدۇ قان بېرىپ باققان ئىشمۇ يوق. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بېرىپ قالارمۇ؟ لېكىن ھېچ بىرسىدىن سادا چىقمىدى، بەرسەك بېرەيلى دېگەن بولسىمۇ، مانا مېنىڭ قېنىمنى بېرىڭلار دېگۈچىلەر چىقمىدى.ئۇ ئىش ئۇلارغىمۇ غەيرى تۇيۇلدى. ئۇلارچە بۇنداق قىلىش بىۋۇدە ئىش ئىدى. ئۇلار مۇنداق قارايتتى: جان ئاللانىڭ،قانمۇ ئاللانىڭ! ئاللا ئالىمەن دېسە، ھېچكىم ئارا تۇرالمايدۇ. خۇدا ئۇنىڭ تېنىنى شۇ قەدەر ئاجىزلاتتى، دېمەك، ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپ كېتىدىغان ۋاقىت ئاز قالدى،قان بېرىپ ئىسراپ قىلغانىنىڭ ھېچ نەرسىگە پايدىسى يوق! قان بېرىپ ئۆزىمىزنىڭ جېنىغا ئىكەك سېلىش قاملاشمىغان ئىشقۇ؟!

بۇ ئۇلارنىڭ ھەممە تۇيغۇلىرىنى، كۆيۈمىنى، ۋاپادارلىقىنى، قېرىنداشلىقىنىڭ مېھرىنى تۇسۇۋالغان ئامىل ئىدى، بۇنداق ئىدىيۋىي

ئاملنى هەل قىلىش شۇنچىلىك قىيىن ھەم مۇشكۇل بولۇپ، دەمال ئۇنىڭ ھەقىقىي يولىنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.قان بېرىش ئىشىنى ئۇلار ئارىسىدىن ئەمەس، ئىككىنچى بىر تەرەپتىن ئىزدەش زۆرۈر ئىدى.ئۇنداقتا بۇ زۆرۈرىيەتنى نەدىن ئىزدەش كېرەك؟ ۋۇدىڭيۇن ئەتراپىغا قاراپ باقتى،يىراقتىكى قان ئامبارلىرىغا نەزەر سېلىپ باقتى. شۇ چاغدىكى شارائىت يىراقتىن قان ئېلىپ كېلىپ سېلىشقا پۇرسەت بەرمەيتتى. ئەتراپىدىكى كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ زارلاشلىرىغا قولاق سالمايتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك پىيەن - كۆرەش بىلەن ئالدىراش،باشقىلارغا كۆيۈنۈش ئۇچۇن نۇرغۇن «سىياسىي»دەسمايە يىغىش، دەللەش، يولغا قويۇش ۋە قاتلاملارنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىشقا توغرا كېلەتتى. مانا بۇلار بىمارنىڭ ئومۇمىي ھالىتىگە نۇقسان يەتكۈزەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆزى ، نەزەرى بىردىنلا ئۆزىگە چۈشتى. قان بېرىدىغان ئەڭ ياخشى نامزات، ئەڭ مۇۋاپىق ئادەم ئۆزى ئىدى! بىمارنىڭ قان تىپى بىلەن ۋۇدىڭيۇننىڭ قان تىپى ئوخشاش ئىدى! بۇ تاسادىبىيلىق ئۇلارنى بىر- بىرسىگە شۇنچىلىك باغلاشتۇرۇپ قويغاندىكى،كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ سىرلىق تەرىپى مەۋجۇتلۇقنى بىردىنلا ھەقىقىي ئۇلۇقلۇققا مۇيەتسەر قىلىپ قويغان بىلەن ئوخشاش ئىش بولدى. ۋۇدىڭيۇن قەتئىي قارارغا كەلگەندە، دوختۇر - سېستىرالار ھاڭ - تاڭ قالدى؛چۈنكى بۇ دوختۇرخانىدا بۇ چاققا قەدەر كىمنىڭدۇ مەيدا قېقىپ چىقىپ، بىمارلارغا قان بېرىپ باققان ئىش بولۇپ باقمىغانىدى. بىمارنىڭ ئۇرۇق -تۇغقانلىرى نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي،تىڭرىقاپ قالدى.چۈنكى بۇ ئۇلار ئۇچۇن ھەم يېڭى ئىش، ھەم بىر خەنزۇنىڭ بىر قىرغىز ئايالغا قان بېرىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكىدە ھېس قىلغىلى بولمايدىغان مەنىنىڭ بارلىقىدىكى گەپ ئىدى.

ۋۇدىڭيۇندە ئىككىلىنىش، قاراپ تۇرۇش،ھەقدارلىق تۇيغۇسى يوق ئىدى، ئۇنىڭدا سەمىمىي بىر خىل رازىمەنلىك ۋە كۆيۈنۈش مەۋجۇت ئىدى.ئۇ قان بېرىشكە ياتقاندا، بىمارنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرى كىنۇ كۆرگەندەك ھېسسىياتلىرى بىلەن تىكىلىپ قاراپ قېلىشتى. بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە 300 مىللىلىتىر ئىسسىق قان ۋۇدىڭيۇندىن بىمارنىڭ تومۇرلىرىغا ئاقتى. بىمارنىڭ بەدىنى بىردىنلا ئىللىدى، يۈرۈكى جانلىق سوقۇشقا باشلىدى،

هايات ئۇنىڭغا قايتا كۆز ئاچقاندەك، كۈچلۈك بىر هارارەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى،دىلىنى غىدىقلاشقا باشلىدى.پۈتۈن دوختۇرخانىدا، بىمارنىڭ يۇرتىدا، ئۇلۇغچات ناهىيە بازىرىدا ۋۇدىڭيۈننىڭ قان بەرگەنلىكىدەك يېڭىچە ئىشى ناهايىتى قايناق تۈيغۇ، هارارەت بىلەن هىكايە قىلىنىشقا، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈشكە باشلىدى.ئاشۇ 300 ملىلىتىر قان پۈتۈن ناهىيەنى، بولۇپمۇ، خەنزۇلار بىلەن قىرغىزلارنى ناهايىتى ئوتلۇق زەنجىر بىلەن باغلاپ، قايات قاينىمىنى يېڭى بىر پەللىگە باشلاپ كىرگەندەك بولدى، قېرىنداشلىق، دوستلۇق رىشتىسىگە تولغان ئادىمىيلىك تۈيغۇ باهار شاملىدەك يېيىلدى.

ۋۇدىڭيۈن كۈتكۈن مۆجىزە ئاخىرى يۈز بەردى، قان قوبۇل قىلغان بىمار كۈن ساناپ ياخشىلاندى، چىرايىغا قان يۈگۈردى، ئىشتىيى بارا ـ بارا ئېچىلدى،كۆزلىرىدە هاياتلىقنىڭ نۇرلىرى قايتا جىلۋىلەندى! قان ئۇنىڭغا جان ئات اقىلدى، ئۇ بىر قانچە كۈنلەردىن كېيىن ئولتۇرالىدى، كېيىن كارىۋاتتىن چۈشۈپ مېڭىپ ئۆزىنىڭ هاجىتىنى ئۆزى راۋا قىلدى. ۋۇدىڭيۈن ئۇنىڭغا بولغان پەرۋىشنى چىڭ تۇتۇپ،سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بىمار ياتاقتىن چىقىپ كېتىدىغان چاغدا، ۋۇدىڭيۈننى مەهكەم قۇچاقلاپ:«سىز مېنىڭ ئەڭ يېقىن قېرىندىشىم؟»دېدى چوڭقۇر تەشەككۈر بىلەن.

# قايتا كۆز ئاچقاندا

ۋۇدىگېيۇننىڭ داڭقى پۈتۈن ئۇلۇغچات ناھىيەسىگە پۇر كەتتى.ئۇنى ئىزدەپ، ئۇنىڭغا كېسىلىنى كۆرسەتتىدىغانلارمۇ كۈندىن- كۈنگە ئاۋۇدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئارزىنىڭ كۆزىگە بىردىنلا قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، كىگىز ئۆيدىكى شىرداق ئۈستىگە يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغانلار قورقۇپ ئالاقەزادە بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغان ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى، ئەتراپ يىغا- زارە بىلەن ئۆلۈم ھازىسىغا غەرق بولدى.قولۇم - قوشنىلار، يېقىن - يۇرۇقلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ مۇڭلىنىپ ئازىغا ئىچ ئاغرىتتى.شۇ تاپتا ئازى خۇددى ئۆلۈك ئادەمدەك مىدىر قىلماي ياتاتتى، بىراق ناھايىتى سۇس تىنىقى، ناھايىتى جانسىز سوقۇۋاتقان يۈرىكى ئۇنىڭ ھاياتلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. كىمدۇر بىرسى«دەرھال ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى، ۋۇدىگېيۇن دوختۇرنىڭ بىر ئامالى بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار دەپتىكەن،سەۋەب قىلىپ باقساق،ساقىيىپمۇ قالىدۇ» دېگەن تەكلىپنى بەردى.بۇ گەپ بۇ يەرگە يىغىلغانلاردا ئۈمىد پەيدا قىلدى، ئۇلار بىردەك ئۇنى قوللىدى ھەمدە ئات ھارۋىسى تەييارلاپ، ئازىنى ئېلىپ ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭدى.

ئازىنىڭ قۇرسىقى ئاغرىپ بىئارام قىلىۋاتقىلى خىلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى.ئۇ دەسلەپكى كۈنلىرى يېگەن بىرەر نەرسە زىيان قىلغان ئوخشايدۇ، ساقىيىپ قالىدۇ دەپ يۈرۈۋەردى.داۋالىنىشقا، ئامال قىلىپ بېقىشقا سەل قاراپ يۈرۈۋەردى؛ ئادەتتىمۇ بۇ يەرادىكى كىشىلەر ئۇششاق- چۈششەك كېسەللەرگە، ئاغرىق - سىلاقلارنى پىسەنت قىلىپ كەتمەيتتى، ئۇلار قۇرسىقى، بېشى، پۇت - قولى ئاغرىپ قالسا،زۇكام، ئىچ سۈرۈش ئالامىتى كۆرۈلسە، ساقىيىپ قالىدۇ دەپ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيتتى، پەقەت ئېغىرلاشقاندىلا، يەرلىك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ داۋالاش، ئالدىنى

ئېلىش بىلەن بولدى قىلاتتى.بۇ ئۇلارنىڭ ئادەت خاراكتېرلىك ئىشى بولۇش بىلەن بىر چاغدا، ئالاھىدە داۋالاش شەرت ـ شارائىتىنىڭ بولمىغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.ئازى قورسىقىنىڭ ئاغرىغانلىقىنى باشقىلارغا دېگەن بولسىمۇ، ئۇلار بەك ئېرەڭشىپ كەتمىدى، ساقىيىپ قالىسەن دەپ ئۇنىڭغا قورساق ئاغرىقىنى توختىتىشنىڭ بىر نەچچە خىل ئۇسۇل ـ چارىسىنى دەپ بەردى، ئازى شۇنداق قىلىپ كۆردى، بىراق، ئۇنىڭ ئۈنۈمى بولۇش ئۇياقتا تارسۇن، قورساق ئاغرىقى كۈندىن ـ كۈنگە ئەدەپ كەتتى.بارا ـ بارا ئۇنىڭ ئاغرىقى ئۇنى چىدىغۇسىز قىيناپ ئارامىنى يوق قىلىۋەتتى،ئازىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى خىرى يېزىلىق دوختۇرخانىغا بېرىپ، دوختۇر چاقىرىپ كەلدى. بۇ يەردە بىرلا دوختۇر بولۇپ،ئازىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ،ئۇنىڭغا سوقۇر ئۈچەي ياللىغى بوپتۇ دەپ دىئاگنوز قويدى.ئاندىن ئازراق ئاغرىق توختىتىش دورىسى بېرىپ: بىزدە بۇنى داۋالاپ ساقايتقۇدەك ئىمكانىيەت يوق، دورا، ئۈكۈل تاپقىلى بولمايدۇ،ئەڭ ياخشىسى ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىڭلار، دەپ مەسلىھەت بەردى. بىراق ئازى ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەر يەرلىك ئۇسۇللارنى قوللىنىش ۋە بەرگەن دورىلارنى بىر مەزگىل يىسە،ساقىيىپ كېتىدۇ دېگەن ئويدا بولدى.ئۇلارنىڭ قارىشىچە، دورىنى تولۇق يىسە چوقۇم ساقىيىپ كېتەتتى، شۇ يىللاردا بۇ يەردىكى كىشىلەر ئارىسىدا غەربىچە دورىلارنىڭ ئۈنۈمى ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ ھەر قانداق كېسەلنى ساقايتىشتەك ئارتۇقچىلىقى بار ئىدى، شۇڭا كىشىلەر دورىغا بەكلا چوقۇناتتى. دېگەندەك ئازى دورا يېگەن ھامان قورسىقىنىڭ ئاغرىقى بىر ئاز بېسىقاتتى،ئۇ ئارام تېپىپ ئوخلاپ قالاتتى، لېكىن يەنە ئاغرىشقا باشلىسا، ئۇ چىدىيالماي قالاتتى. شۇ چاغدا ئۇ ۋۇدىڭيۇن دوختۇرنىڭ كېسەل كۆرۈشكە كېلىپ قېلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلدى. چۈنكى ۋۇدىڭيۇن ھەر يىلى بىر نەچچە قېتىم ئۇلارنىڭ يېزىسى ـ جىفىنغا بېرىپ كېسەل كۆرۈپ، كېسەل داۋالاپ قويۇپ كېتىپ قالاتتى. مانا شۇ تاپتا كەلسە، بەلكىم ئازىنىڭ قورساق ئاغرىقىغا ئامال قىلىپ ئۇنى بارلىق ئازاب، قىينىلىشتىن ساقلاپ قالاتتى...ئازى قانچە كۈنلەرگىچە «ۋۇدىڭيۇن دوختۇر نىمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟ بىر كېلىپ قالساچۇ؟ كېسىلىمنى داۋالاپ قويسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە؟! دەپ ئويلىدى، ئىچىدە نەچچە قېتىم زىكىر قىلدى.

ئارىدىن قانچە كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى،ئازى ئاغرىق توختىش دورىسىنى يەپ ئازابىنى بىر ئاز يېنىكلىتىپ تۇردى. بىر كۈنى چۈشتە، ئازىنىڭ ئانىسى سۈت چاي تەييار قىلدى ھەممە ئۇزاقتىن بۇيان تىقىپ قويۇپ ساقلاپ كەلگەن ئازغىنە گۈرۈچتە «شىرىنگۈل نوچى» تامقىنى ئەتتى.ئۆيدىكىلەر بۇ تاماقنى ئازى كۆپرەك يىسۇن، ئۇنىڭ بەدىنىگە قۇۋەت بولسۇن دېيىشتى. ئازىنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ، تاماقنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تەڭلىدى، كۈتمىگەندە، ئازىنىڭ بېشى قېيىپ،خۇددىنى يوقىتىپ قويدى.

ئېگىز ـ پەس تاغ يوللىرى ئازىنىڭ ھالىنى قويمىدى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، نەپەس ئېلىشى ئاستىلاپ، يۈرەك سوقىشى تېخىمۇ ئاجىزلاپ كەتكەنىدى.ئازىنىڭ دادىسى تونۇش دوختۇر ۋۇدىڭيۇنى ئىشخانىسىدىن تاپتى ھەممە ئۇنىڭ دوختۇرخانىنىڭ ئالدىغا باشلاپ چىقتى. ۋۇدىڭيۇن باشقىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئازىنى كۆتۈرۈپ،جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىگە ئېلىپ كىردى،بۇ چاغدا ئازىنىڭ نەپسى توختاي ـتوختاي دەپلا قالغان بولۇپ، ھايات ـ ماماتلىق پەيتى كېلىپ قالغانىدى.ھاياتلىق ھەممىدىن مۇھىم ئىدى، ۋۇدىڭيۇن ماسكىسنى ئېلىۋېتىپ، ئازىنىڭ ئازغىنى ئېچىپ،ئاغزىنى ئاغزىغا يېقىپ پۈلەشكە، سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈشكە باشلىدى. بىر نەچچە قېتىملىق جىددىي ۋە ئەستايىدىل نەپەسلەندۈرۈشتىن ئازىنىڭ تىنىقى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. ۋۇدىڭيۇننىڭ چىرايىدا بىر خىل قىزغىنلىق پەيدا بولدى، ئۇ ئاستاغىنە ئورنىدىن تۇردى، باشقىلارنىڭ خاتىرجەم بولۇشنى قولى بىلەن ئىشارە قىلدى؛سىرتتا ھەيرانلىق ۋە تەئەجۈپ، ئىزتىراپ بىلەن قاراپ تۇرغانلارنىڭ كۆزىدىن ئېقۋاتقان ياشمۇ توختىدى. ۋۇدىڭيۇن ئازىغا بىر تەرەپتىن ئوكسىگىن بېرىشنى جىكىلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن جىددىي تەييارلىق قىلىپ، ئوپىراتسىيە قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئەسلىدە ئازى سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى بولماستىن، بەلكى بۇغماق ئۈچەي ئۆسمىسىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىدى. داۋالاش، ئوپىراتسىيە قىلىش ۋاختى ئۆتكەن، كېسەل زىيادە ئېغىرلىشىپ،ئاجىزلىغان بولۇپ،ھېلىھەممۇ بىر مىنۇت پۇرسەتنى كەتكۈزۋەتمەي ئوبراتسىيە قىلغاندا، ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىد بار ئىدى.بۇ يەدىكى ئۈمىد شۇنچىلىك ئاز بولۇپ،ئازىنىڭ بەخت ـ تەلىيمۇ بىر سەۋەب ئىدى. ۋۇدىڭيۇن

ئوپراتسىيىنى ئۆز قولى بىلەن تۈجۈپىلەپ قىلدى، ئوپراتسىيىنىڭ نەتىجىسى ياخشى، ئوڭۇشلۇق بولدى، بىراق ئازىرىنىڭ ھاياتى يەنىلا ئېغىر خەۋپ ئىچىدە تۇراتتى،ئۇ ھۇشسىز ھالەتتە يەتتە كۈن ياتتى.ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرغانلارنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ، ھېسسىياتىنى قايغۇ ـ ئەلەم چىرمىۋالغاندى.بىراق ۋۇدىڭيۇن تولىمۇ ئۈمىدۋارلىق بىلەن گەپ قىلاتتى.

ـ تەخىر قىلىڭلار، ئۇ بىر مۆجىزە بىلەن كۆزىنى ئاچىدۇ،ئۇنىڭ روھى ئۆلمىگەن،ئۇ ئۆلۈپ كەتمەيدۇ! مېنىڭ پەرىزىمگە ئىشىنىڭلار، مەن يالغان گەپ قىلمايمەن، سىلەرنى ئالدىمايمەن...ۋاقىت ئۆتسە،ئۇ ئەسلىگە كېلىدۇ.ۋاقىت بىزگە ئۇنى ئەكىلىپ بېرىدۇ...

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئىشەنچ بىلەن تەقەززالىق سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ياخشى كۆڭلىنى ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتقانلىقىمۇ بىلىنىپ تۇراتتى، ئازىرنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان كىشىلەر ئۇنىڭ شۇ قەدەر سەممىيلىكىنى ۋە ئۇنىڭ تارتىۋاتقان جاپالىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭغا: تۇغقىنىمىز بولسىمۇ بۇنچىلىك قىلىپ كەتمەس ئىدىڭىز! سىزدىن بىز بەك رازى، ھەرگىز سىزدىن رەنجىمەيمىز، سىزدىن كۆرمەيمىز، قازايى قەدەر كەلسە، ئاللادىن كەلدى بىلەن بىلىمىز، پۇشايمىنىمىز يوق، سىز ھەرگىزمۇ ئازابلانماڭ،دېيىشتى.

ـ ياق، بۇ سىلەرنىڭ قارىشىڭلار، مەن ئۇنداق ئويلىمايمەن، مەن بىر دوختۇر، ھەر بىر ئىشقا مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك. مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلدىم دەپلا ئىشنى بولدى قىلسام بولمايدۇ. ئىشنىڭ ئاخىرىنىمۇ تولۇق چىقىرىپ، ئەسلى ماھايەتلىك تەرەپنى ئىشقا ئاشۇرۇشۇم كېرەك...

ۋۇدىڭيۇن ئازىرنى داۋالاشقا ناھايىتى كۆپ كۈچ چىقاردى، كۈندۈزلىرى ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ كۈزەتتى، كەچلىرى ئۆيىدىن ئالاھىتەن چىقىپ، ئۇنى يوقلاپ كۈنلۈك ھالىتىنى سېلىشتۇرۇپ، دورا ئىشلىتىش جەھەتتىكى تەرتىپلەرنى تۇراقلاشتۇردى، بەزىدە ئۇ كۈن ـ كۈنلەپ ئازىرنىڭ كېسەللىك ھالىتىدىن باشقا تۇردىكى كېسەللىكلەرنى تەدبىقلاپ، تەھلىل قىلىپ، يېڭىچە يول تېپىشقا تىرىشتى.دېگەندەك، ئازى ئاخىرى كۆزىنى ئاچتى، بۇ ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ھايانجانغا چۈمۈلدۈرۈپلا قالماستىن، ۋۇدىڭيۇنىمۇ شۇنچىلىك خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئەجرى بىكارغا

كەتمىدى. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتتى، ئازى بارا ـ بارا ياخشىلاندى، بىر كۈنى ئۇنىڭ ئانىسى ئازىغا كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ بولۇپ:

ـ بىلەمسەن قىزىم، سەن بىر قېتىم ئۇ ئەلەمگە كېتىپ قالغان ئىدۇق، ۋۇدىڭيۇن دوختۇرنىڭ سەۋەبكارلىقى بىلەن مانا مۇشۇنچىلىك بولدۇڭ، بۇ بەختنى ساڭا ۋە بىزگە ۋۇدىڭيۇن دوختۇر بەردى!ـ دېدى.

ئازى كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى. ۋۇدىڭيۇن دوختۇر ئۇنى تەكشۈرۈشكە كىرگەندە، ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ:

ـ مەن سىزگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەيمەن، سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى قانداق قايتۇرۇشنىمۇ بىلمەيمەن،هاياتلىقىم ئۈچۈن سۆزغان قولىڭىز مەڭگۈ دەرت كۆرمىسۇن، بەخت سىزگە ئەبەدىي ھەمراھ بولسۇن!!...ـ دېدى.

چەكسىز ۋە كۈچلۈك مىننەتدارلىق ۋۇدىڭيۇننىڭ ھارغىنلىقىنى چىقارغاندەك بولدى.ئۇ بەكلا ھاياجانلاندى. ئۇ:

ـ بىلەمسىز، بۇ مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىش.سىز ساقىيىپ كەتسىڭىزلا، شۇنىڭ ئۆزى ماڭا ئەڭ زور تەسەللىي، ئەڭ زور مۇكاپات، بۇ مۇكاپات ماڭا خۇشالىق ئاتا قىلىدۇ!...ـ دېدى.

بۇ 1974 ـ يىلىنىڭ كەچ كۈز پەسلى بولۇپ،ئەتراپ ئالتۇن رەڭگە كىرگەن مەزگىلدە ئازى دوختۇرخانىدىن ساقىيىپ چىقىپ كەتتى.ئۇلارنىڭ ھەممە مىننەتدارلىقىنى شۇ چاغدىكى ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى باشباي يىغىنچاقلاپ مۇنداق دېدى:

ـ ۋۇ دوختۇر سىز قالتىس ئادەم ئىكەن سىز، مەن سىزگە بەك قايىل بولدۇم، ئازىنىڭ ھاياتى سىزنىڭ قولىڭىزدە قايتا نۇرلاندى، بۇ بىر ئۇلۇق مۆجىزە ، مەن سىزنىڭ مانا مۇشۇنداق مۆجىزىلەرنى داۋاملىق يارىتىشىڭىزغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.شۇڭا سىزگە پۈتۈن ناھىيە خەلقى نامىدىن رەھمەت ئېيتىمەن!...

# ياشارغان تەن

بوستانتېرەك يېزىسىنىڭ كۇشمۇ كەنتىدىكى چارۋىچى مۇھەممەتئىمىن ئىلياس ئۆمۈر بويى پادا بېقىش بىلەن ئۆتكەن ئادەم ئىدى، ئۇ يىل بويى يايلاقتىن كىرمەي قوي ـ ئۆچكە باقسىمۇ، تۇرمۇشى ئۇزۇكچىلىك ئىچىدە ئۆتەتتى. قاچان قارىسا نامراتچىلىقنىڭ دەردى ئۇنى ئازابلايتتى.ئۇنىڭ ئۆمۈر تارىخىدا نۇرغۇن ئاچچىق ئەسلىمىلەر بار ئىدى. ئۇ ئۆيلۈك ـ ئۇچاقلىق بولۇپ، بىر ئۆينىڭ يۈكىنى زېممىسىگە ئالغاندىن كېيىنمۇ پادا بېقىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدى.كۈنلەر ئۆتتى، ئۇ تەلىيىگە بىر بالىغا ئاتا بولدى. بۇنىڭدىن بەكمۇ سۆيۈندى، ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلدى.بالىسى يېشىغا تىگەي دېگەن كۈنلەردە ئۇنىڭ بېشىغا يەنە بىر ئېغىر كۈلپەت كەلدى. «ئەسكى تامغا قۇچقاچ يېقىن، نامراتقا پۇتلاش يېقىن» دېگەندەك،ئۇنىڭ نارسىدە بالىسى كۆيۈپ ئوتتا پۇچىلاندى...

1971ـ يىلى 11ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئىدى. مۇھەممەتئىمىن ئىلياس ئەتىگەندىلا قوي ـ ئۆچكىلىرىنى ھەيدەپ يىراقتىكى يايلاققا ماڭدى،خوتۇنى يېشىغا توسمىغان بالىسىنى بىر ھازا ئىمىتكەندىن كېيىن، پەپىلەپ ئۇخلىتىپ قويدى، ئۆي ئىچىنى تازىلاپ يۇغۇشتۇرۇپ، قورۇ ـ قوتانلارنى قورۇقداشقا ماڭدى.ئۆي بىلەن قوتاننىڭ ئارىلىقى يىراق بولمىسىمۇ، قوتان ئاستى زەي، نەم بولغانلىقتىن، ئۇنى ئوت ـ چۆپ تاشلاش، قورۇق توپا ئەكىرىپ يېيىتىش بىلەن قۇرۇقدىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىر نەچچە سائەت ئىشلىدى. ئۇ بالىسىنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئوخلاپ ياتىدۇ دەپ ئىشنى قىلىۋەردى.لېكىن كىچىك بالا بالدۇرلا ئويغۇنۇپ كەتتى ـ دە،بىر ئېغىناپ، ئىككى ئېغىناپ ئوت قالاپ قويۇلغان تام ئۇچاقنىڭ يېنىغا بېرىپ قالدى،ئوتنىڭ نېمىلىگىنى بىلمەيدىغان بالا ھەش ـ پەش دېگۈچە ئوت ئۈستىگە چۈشۈپ كەتتى.بالا كۆيۈشكە، پۇچىلىنىشقا، ئازابلىق ئىڭراشقا باشلىدى.لېكىن ئۇنىڭ بۇ تولغىنىشلىرىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، ھېچكىممۇ

ئاڭلىمايتتى،بىر ھازادىن كېيىن بالا كۆيۈپ ھالىدىن كەتتى،چۈچۈل بولۇپ قالغان ئوت بالىنىڭ بەدەنلىرىنى كۆيدۈرۈپ قورۇپ قويدى، ھۇشىدىن كەتكەن بالا چالا پىشقان كاۋاپقا ئوخشاش بولۇپ قالدى...

ئانا يۈگۈرگەن پېتى ئۆيگە كىردى،چۈنكى ئۇنىڭ بۇرنىغا نېمىنىڭدۇ كۆيگەن پۇرىقى پۇرىدى ۋە بىر قىسمىلا بولدى.ئانا ئۆيگە كىرىپ، ئۇچاقتا چۈچۈلغا ئايلانغان بالىسىنى كۆرۈپ، بالىنى قولىغا ئېلىشقىمۇ پېتىنالماي قورققىنىدىن ھۇشىدىن كەتتى.ئۇ بىر چاغدا ھۇشىغا كېلىپ، بالىنى قولىغا ئالدى،بالىنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئانا ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى، قوشنىلىرىنى چاقىردى. كىملەردۇ مۇھەممەتئىمىن ئىلياسقا خەۋەر يەتكۈزدى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەن مۇھەممەتئىمىن ئىلياس كۆز ئالدىدىكى رىئاللىقتىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى،لېكىن ئۇ نېمە دېگەن بىلەن بولىدىغان ئىش بولۇپ بولغانىدى.ئۇنى دىمەك، بۇنى دېمەك بىلەن ئۇلار بالىنى ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بارىدىغان بولۇشتى. مۇھەممەتئىمىن ئىلياس لايدەك ياتقان بالا بىلەن ئانىسىنى تۆگىگە مىندۈرۈپ يولغا چىقتى.ئۇنىڭ خىيالىدا بالىدىن ئۈمىد يوق، تەقدىر شۇنداق بولۇشنى بەگىلەپ قويغانىدى. نېمىلا بولسۇن، ئۇ ئەگرى ـ بۈگرى يول، خەتەرلىك قىياتاش، تاغلارنى بېسىپ،كېچىلەپ يول يۈرۈپ، ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا بالىنى ئېلىپ باردى. بۇ كۈنى دىجۇرنى دوختۇر ۋۇدىڭيۈن بولۇپ،ئۇلارنىڭ كۈتكىنىدەك ئىش بولدى،ئۇلارمۇ ۋۇدىڭيۇننىڭ داۋالىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بالىنى ھالىنى كۆرگەن ۋۇدىڭيۇننىڭ يۈرۈكى پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى.ئۇ بۇ چاققا قەدەر نارىسىدە بالىنىڭ بۇ قەدەر قەبىھ كۆيۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىگەنىدى.شۇڭا ئۇ مۇھەممەتئىمىن ئىلياسقا كايىدى، بىراق ئەمدى ئورنىغا كەلمەيتتى.پەقەت ئۇنى داۋالاشلا ھەممە روھى، جىسمانىي ئازابنى ھەل قىلاتتى.تەكشۈرۈش ئارقىلىق بالىنىڭ سىرتقى بەدىنىنىڭ % 50 تى كۆيۈپ كېرەكتىن چىققان بولۇپ،ئەسلىگە كەلتۈرۈش تولىمۇ قىيىن ئىدى.بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن جاپالىق مۇساپىنى بېسىش، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلەتتى.بالىنىڭ شۇ چاغدىكى يۈرەك سوقۇشىمۇ ئاجىزلاپ، ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈپ قالغانىدى.ۋۇدىڭيۇن بۇنىڭغا زادىلا چىدىيالماي قالدى، ئۇ بارلىق زېھنى كۈچىنى سەرپ قىلىپ،

بالىنى داۋالاش، قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى.بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن بالىنىڭ يۈرەك ھەرىكىتى ياخشىلاندى، بارا ـ بارا ھۇش ـ كاللىسى جايىغا كېلىپ، ئاغرىقىنىڭ ئىنجىق ئاۋازى چىقىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن ھەممەيلەن خۇشال بولدى، ھەر ھالدا بالىنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىد تۇغۇلدى.ۋۇدىگيۇەن ئادا 10 كۈن بالىنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، كۈزىتىش، داۋالاش ئېلىپ باردى. ھەتتاكى بالىغا ئاسما سۇيۇقلۇقى ئېسىش،ئوكسىگىن سۈمۈرتىش،قان بېسىمىنى ئۆلچەش قاتارلىق ئىشلارنىمۇ ئۆزى قول سېلىپ قىلدى،چارچاپ كەتسە، سۇخانىغا كىرىپ يۈزىنى يۇيۇش، ئۇيقۇسىزلىقنى قاچۇرۇش ئارقىلىق ھارغىنلىقنى باستى.بالا خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتكەندە،ئاندىن ۋۇدىگيۇەننىڭ جىددىيلىكى بېسىقتى.كۈندىن كۈنگە ياخشىلىنىپ مېڭىۋاتقان بالا ئاتا بىلەن ئانىنى قەۋەتلا خۇشال قىلىۋەتتى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى.بالىنىڭ كۆيۈك يارىسى شۇنچىلىك تېز ساقىيىشقا باشلىدى.بىراق ۋۇدىگيۇەن توختاۋسىز بالىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. چۈنكى سەللا بىپەرۋالىق قىلىنسا، بالىنىڭ يارىسى يۇقۇملىنىپ، ئاخىردا ساقايتىش مۇمكىن بولمايدىغان ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى.بالىنىڭ بەدىنىدىكى كۆيۈك جاراھىتى قېتىشىپ بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە، كۆتمىگەندە يىرىڭداپ بەتبۇي پۇراق پەيدا قىلدى، بۇ چاغدا بالا قىچىشقان جاراھەتنى تاتىلاپ سالسىلا،قاناپ تېخىمۇ ئېغىر ئازاب پەيدا قىلاتتى.ۋۇدىگيۇەن بۇلارنى بىلەچكە، ئاتا ـ ئانىسىغا دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى ئەسكەرتىپ تۇرۇش بىلەن بىر چاغدا،يارا ئېغىزىنى تۈجۈپىلەپ تازىلاپ تېڭىپ، مۇھاپىزەت قىلىشنى پەقەت توختىتىپ قويمىدى.بۇنىڭ تەسىرىدە بالانىڭ يارىسى يۇقۇملىنىپ قېلىش باسقۇچىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش ـ بالىنىڭ كۆيگەن بەدىنىدىكى تېرىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تېرە كۆچۈرۈش ئوپراتسىيىسى قىلىش ئىدى. بۇ ھەقىقەتەن قىيىن ئىش ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىنىڭ بەدىنىدە قالغان تېرە بەكمۇ چەكلىك بولۇپ،ئۇنى ئېلىپ كۆچۈرۈشكە بولمايتتى.بولغان تەقدىردىمۇ يېتەرلىك ئەمەس بولۇپ، سۇدەك يۇمران بەدەندىن تېرىنى ئېلىشمۇ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان ئىش ئىدى.بۇ ئىشقا ۋۇدىگيۇەننىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتىق قاتتى.ۋاقىت بىلەن

كېسەل ئادەمنى ساقلاپ تۇرمايتتى، ئۇ چۇقۇم ياخشى ئامال تاپمىسا بولمايتتى.بۇ چاغدا كىمنىڭ نېمە دېيىشىنىڭ كارىيىتى چاغلىق ئىدى، بىراق زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ۋۇدىڭيۇن دەسلەپتە تۇخۇنىڭ تېرىسىنى كۆچۈرۈشنى سىناق قىلىپ باقماقچى بولدى،دېگەندەك شۇنداقمۇ قىلىپ باقتى.بىراق سىناق تېزلا مەغلۇپ بولدى. ۋۇدىڭيۇننىڭ يۈرۈكى باشقىچىلا پۇچۇلاندى. ئۇ چۇڭقۇر ئويلىنىش ئارقىلىق بالىنىڭ ئاتا- ئانىسىنى ئالدىغا چاقىرىپ، مۇھەممەتئىمىن ئىلياسنىڭ تېرىسىنى كۆچۈرۈش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دادا بىردىنلا تىگرىقاپ قالدى. چۈنكى بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭغا بالاڭغا ھەرقانچە كۆچسەڭمۇ بەربىرى سېنى داغدا قويىدۇ،ساقايسىمۇ دېۋەڭ، دەلدۈش، ئادەم سياقى يوق ساقىيىپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە قاراپراق ئىش قىلارسىلەر دەپ مەيۈسلۈك ھەدىيە قىلىپمۇ قويغانىدى. ئۇ بالىسىغا تېرە كۆۋۈرۈپ بېرىدىغانلىق ھەققىدىكى گەپنى ئاڭلاپ بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى،رەڭگى ئۆچتى.

- مېنىڭ تېرەمدىن كېسىپ تېرە ئالىدىغان ئىش بولسا،ھەرقانداق بولۇشتىن قەتئىنەزەر يول قويمايمەن،- مۇھەممەتئىمىن ئىلياس مۇخبىرغا تەنبىھ بەرگەن تەرىزدە،-مەن يەنە ياششىم، قوي- ئۆچە بېقىشىم كېرەك، بىر ئائىلىنىڭ دەردى مېنىڭ يەلكەمدە.مەن تېرە كۆچۈرۈش سەۋەبلىك كېسەلچان بولۇپ قالسام قانداق قىلىمەن!

بۇ بايان ئۇنىڭ ھەممە ئىچكى تۇيغۇسىنى ئېچىپ بەردى. ۋۇدىڭيۇن ئۇنىڭغا قانچە قېتىم تەربىيە ئىشلىدى، بىراق ئۇ بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى، قايىل قىلىش مۇمكىن بولمىدى.ۋۇدىڭيۇن بىر چەتئەللىك دوختۇرنىڭ ئۆزى مەسئۇل بولىۋاتقان بىمارغا تېرە لازىم بولغاندا تېزىنىسىدىن بېرىپ ، بىمارنى ساقايتقانلىقىدەك خەۋەرنى كۆرگەنىدى. بۇ چاغدا ۋۇ دىڭيۇننىڭ بىردىنلا كۆزى نۇرلىنىپ كەتتى.ۋۇدىڭيۇن:

- تېرىنى مەن بېرىمەن،كۆپچىلىك دەرھال تەييارلىق قىلىڭلار،- دېدى. بۇ گەپ ھەممە ئادەمنى ھەيران قالدۇردى ھەم قاتتىق تەسىرلەندۈردى. دوختۇر - سېستىرالار ئۇنى توستى، بىراق ئۇنى نىيىتىدىن زادىلا ياندۇرالمىدى.ۋۇدىڭيۇن پاقالچىكىنى دوختۇر سېستىرالارغا تۇتۇپ بەردى،ناركوز ئۇكۇلى ئۇرۇلغاندىن كېيىن،ئۇ تەمكىنلىك ۋە جاسارەت تولغان

بەدىنىنى تىك تۇتۇپ، باشقىلارغا قولايلىق يارىتىپ بەردى.ئۇنىڭ يوتىسىدىن «كىرت ـ كىرت»قىلىپ كېسىلگەن ئاۋازلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى، سىرغىپ چىقىۋاتقان قان پاقالچىقىغا قاراپ ئېقىۋاتاتتى،ئۇنىڭ تېرىسى بىر نارەسىدە بالىنىڭ كۆيۈك يارىسى ئورنىغا ئاۋايلاپ كۆچۈرۈلدى. بۇ چاغدا بالىغا ۋۇدىڭيۇنىڭ 13 پارچە تېرىسى كۆچۈرۈلدى. بۇ ئىشتىن قاتتىق تەسىرلەنگەن مۇھەممەتئىمىن ئىلياس بىردىنلا ھۆڭرەك توۋلاپ يىغلاشقا باشلىدى.ئۇ:

ـ ۋۇ دوختۇر ئالدىڭىزدا شۇنچىلىك خىجىلمەن، بەك ئەپسۇسلاندىم،مەن سىزگە بىر ئۆمۈر قەرزدار بولدۇم...ـ دېدى.

ـ ياق، بۇ مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىش.مەن پەقەت ئۆز مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلدىم...

مۇھەممەتئىمىن ئىلياسىنىڭ قەلبىنى كۈچلۈك خىجىللىق ۋە ئۆكۈنۈش چىرمىۋالدى.

مۇھەممەتئىمىن ئىلياسنىڭ بالىسىغا قىلىنغان تېرە كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيىسى تولىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقتىن،ئۇنىڭ بەدىنىدىكى كۆيۈك ئىزى يوقالدى،ئۇنىڭ بەدىنى يېڭى بىر ھاياتلىققا ئېرىشىپ، قايتىدىن ياشاردى.بۇ ئىش خۇددى «ماناس» داستانىدەك كىشىلەر ئارىسىدا قەدىرلەپ ئوقۇلىدىغان داستان بولۇپ قالدى.

# دادام دەپ چاقىرغۇسى بار ئادەم

گەن خۇيۇننىڭ ئىچى سىرىلىپ، قورسىقى دەھشەت ئاغرىپ كەتتى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ، پۈتۈن بەدىنى سىرقىراپ قاتتىق ئازاب ئۇنى ھاياتتىن بىزار قىلدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈپ قويدى.ۇ بىر نەچچە قېتىم قان قۇسۇپ، ئايلىنىپ كەتتى،بىر قانچە كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەي بەدەنلىرى قۇرۇپ، بىر تېرە بىر سۆڭەك بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم دەيتتى ـ يۇ، يەنە ياشاشنىڭ ئۈمىدى بىلەن ئۇرۇنۇپ باقاتتى.داۋالىنىشقا باراي دېگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قولىدا داۋالانغۇدەك پۇل يوق ئىدى،ئۇ ئاخىرى ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا بېرىپ،دورا سېتىۋېلىپ، كېسەلگە تاقابىل تۇرۇش قارارىغا كەلدى.ئۇ ئۆلۈغچات ناھىيە كونىشەھەر رايۇنىدىكى قۇرۇلۇش ئورنىدىن قوزغىلىپ،بىر نەچچە يۈز مېتىر مېڭىپ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ يىقىلىپ يېتىپ قالدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولغانلىقىنى بىلمەي قالدى.

بۇ 1989 ـ يىلى 2ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى بولۇپ، ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق، يەردىكى قېلىن قارنىڭ سوغىقى سۆڭەكتىن ئۆتۈپ كېتەتتى.

گەن خۇيۇن ھوشىغا كەلگەن چاغدا، ئۆزىنىڭ ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە ياتقانلىقىنى بىلدى.ئۇنىڭ تومۇرىغا سېلىنغان ئۇكۇل يىڭنىسىدىن قىپ ـ قىزىل قان ئېقىۋاتاتتى. ئاق خالات، ئاق پوسما كىيگەن دوختۇر ـ سېستىرالار ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشەتتى، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ۋۇدىڭيۈن ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن قاراۋاتاتتى. گەن خۇيىن ئېسىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھايات قېلىشىغا سەۋەب بولغان كىشىلەرنىڭ كىملىكىنى بىلىپ، بىردىنلا ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

گەن خۇيۇن خۇبېي ئۆلكىسىدىن بولۇپ، شىنجاڭغا ئىشلەمچىلىككە كېلىپ، بۇ يەردىكى قۇلۇش ئورنىدا ئىشلەۋاتقان دېھقان ئىشلەمچى ئىدى،

بىراق ئۇنىڭ تېنى بەكمۇ ئاجىز،كېسەلچان بولۇپ،بىر قانچە يىل ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنى قىلىپ كۈن كۆچۈرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ مەدىكارچىلىق قىلىپ تاپقان پۇلى تۇرمۇشىغا يەتمەيتتى،ئۇ يالغۇز، يۆلەكسىز بولۇپ،ئاغرىپ يېتىپ قالسىلا بىر نەچچە كۈن ئىشقا بارالمايتتى. ئۇ ئاخىرى يولدا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى، باشقىلار ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويدى، مانا ئەمدى ئۇنىڭغا ۋۇدىڭيۇن دوختۇر يولۇقتى.ئۇ:

- پۇلۇم يوق، ماڭا قان سالماڭلار، دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىمەن!...- دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان ۋۇدىڭيۇن تەسەللىي بېرىپ مۇنداق دېدى:

- بۇنداق دېمەڭ،ئالدى بىلەن داۋالىنىڭ،پۇل ۋە باشقا ئىشلارنى ئويلىماڭ، بىز سىزنىڭ قېرىنداشلىرىڭىز، بىز بار يەردە سىزنىڭ قىيىنچىلىقىڭىز ھەل بولىدۇ، چوقۇم ياخشى ساقىيىپ كېتىسىز. پۇلنىڭ غېمىنى بىز قىلىمىز!...

گەن خۇيۇننىڭ كۆزىدىن تەسىرلىك ياشلار تاراملاپ چۈشتى.ھاياجاندىن ئۇنىڭ يۈرۈكى ئويناپ، بەدىنى تىترەپ كەتتى. گەن خۇيۇنغا ئاشقازان يارىسى دەپ دىئاگنوز قويۇلدى، يارا چوڭ بولۇپ، ئۇنى ئوپراتسيە قىلىپ ئېلىۋەتمىگەندە، ئۇنىڭ ھاياتى ھەر ۋاقىت خەۋپ ئىچىدە تۇراتتى.ۋۇدىڭيۇن ئۇنى ئوپراتسيە قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئەتراپلىق چۈشەندۈردى. ئۇ قوشۇلغان بولسىمۇ، ئوپراتسيىدىن ئىلگىرىكى قول قويىدىغان رەسمىيەتنى ئۆتەيدىغان ئادەم چىقمىدى، ئۇ ئىككى يۇرتدېشىنى قول قويۇپ بېرىشكە چاقىرغان بولسىمۇ، ئۇلار بىردەك باش تارتىپ كېتىپ قالدى. بۇ چاغدا ۋۇدىڭيۇن:

- سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىزنىڭ ھەممە ئىشىڭىزغا مەسئۇل،سىز ئۆزىڭىز قول قويسىڭىزمۇ بولىدۇ! ، -دېدى.

ئوپراتسيىنى ۋۇدىڭيۇن ئۆز قولى بىلەن قىلدى. ئوپراتسيە شۇنچىلىك ياخشى بولدى، گەن خۇيۇن ھوشىغا كەلگەندە بىرىنچى بولۇپ كۆرگەن ئادەم ۋۇدىڭيۇن بولدى،بۇ رەھىمدىل، شاپائەتلىك كىشى ئۇنىڭغا قىزغىنلىق بىلەن كۈلۈپ تۇراتتى. گەن خۇيۇن قاتتىق تەسىرلەندى، باغرىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن بىر خىل ئىچكى سۆيۈنۈش، كۈچلۈك ھاياجان ۋە

تەسرات ئېتىلىپ چىقتى،كۆزلىرىدىن دەريادەك مىننەتدارلىق ياشلىرى دولقۇنلىدى.

- ئوبدان ئارام ئېلىڭ، تېزلا ياخشى بولۇپ كېتىسىز،ئۈزۈقلىنىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىڭ، - دېدى ۋۇدىڭيۇن ئۇنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ. ئاندىن 200 يۈەن پۇلنى ئۇنىڭغا قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

كېيىنكى كۈنلەردە ۋۇدىڭيۇن ھەر كۈنى بىر نەچچە قېتىم ئۇنى يوقلاپ،مەسلىھەت بېرىپ تۇردى،ئاش - تاماق ئەكىرىپ بەردى.بىر قانچە كۈندىن كېيىن، گەن خۇيۇن كارىۋاتتىن چۈشتى. ئۇ ۋۇدىڭيۇننى «دادا!» دېگىسى كېلىپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆيۈمى ھەقىقىي دادىنىڭ كۆيۈمىدەك توختاۋسىز ئىدى. ئىككى ئايدىن كېيىن گەن خۇيۇن دوختۇرخانىدىن چىقتى، ئۇنىڭ ئومۇمىي داۋالىنىش پۇلدىن 1700 يۈەننى دوختۇرخانا كۆتۈرۈۋەتتى. گەن خۇيۇن ھەم خۇشال بولدى، ھەم خاتىرجەم بولالماي ئىكىلىنىپ قالدى. ۋۇدىڭيۇن مۇنداق دېدى:

- كېسەل تولۇق ساقايسىلا، باشقا ئىشنىڭ كارىيىتى چاغلىق،پۇلنىڭ ئىشنى مەن ۋە كۆپچىلىك بىر ئامال قىلىپ ھەل قىلىمىز. مۇھىمى ئوبدان ئارام ئېلىڭ.

گەن خۇيۇن دوختۇرخانىدىن چىقىدىغان چاغدا 2000 يۈەندىن كۆپرەك پۇلغا قەرز بولۇپ قالدى. ۋۇدىڭيۇن بۇ پۇلغىمۇ ئۆزى ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى.

گەن خۇيۇن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ۋۇدىڭيۇن غەم قىلىپ قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئاشقازىنىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى كېسىپ ئېلىۋېتىلگەن بولۇپ،تاماقتا ناھايىتى ئەستايىدىل بولمىسا،ئۈزۈقلۇق يېتىشمەي كېسەللىك ئەھۋالى ياخشىلانمايلا قالماستىن، قايتا قاناش ياكى سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلمەسلىكتەك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. ۋۇدىڭيۇن ئۇنىڭ غېمىنى يەپ پەرىشان بولدى، تۇرمۇشىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈستىدە ئويلاندى. ۋۇدىڭيۇن ئۇنىڭ ناھىيە بازىدىكى تار، خام خىشلىق ئۆيىگە بىر نەچچە قېتىم باردى، ھەر قېتىم ئۇنىڭغا ياخشى ئۈزۈق بولىدىغان يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ باردى.كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ۋۇدىڭيۇن ئۇنىڭ دائىملىق مېھمىنى بولۇپ قالدى. ۋۇدىڭيۇن قۇرۇق

بارمايتتى، قايتىدىغان چاغدا، ئۇنىڭ قولىغا پۇل تۇتقۇزۇپ قوياتتى. ئۇ گەن خۇيۇنگە نەرسە ـ كېرەك ئەمەس، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىغا مەڭگۈ سىغمايدىغان مېھرىبانلىق، مۇھەببەت، كۆيۈمنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدەك تۇيغۇ بېرەتتى.

كېيىن ۋۇدىڭيۇننىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن گەن خۇيۇن دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازىۋەنى بولدى.ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولۇپ، بىر يىلدىلا سالامەتلىكى تولۇق ئەسلىگە كەلدى.

ياندۇرقى يىلى چاغاندا، گەن خۇيۇن بىر بولاق تاماكۇ،ئىككى بۇتۇلكا هاراق ئېلىپ بېرىپ، ۋۇدىڭيۇننى يوقلاپ باردى،بۇنى كۆرگەن ۋۇدىڭيۇن:

ـ ماڭا تېگىل بولدى، بۇ نەرسىلەرنى ئۆزىڭىز ئىشلىتىڭ،مەن دېسەم، سىزنىڭ پۇل تاپمىقىڭىز تولىمۇ قىيىن. مەن سىزنىڭ ياخشى كۆڭلىڭىزنى تولۇق چۈشىنىمەن.ـ دېدى. گەن خۇيۇن:

ـ ماڭا ئۆز داداممۇ بۇنچىلىك كۆيۈنمەيتتى،سىزگە بىر ئۆمۈر باش قويوپ،ئىشلەپ بەرسەممۇ قەرزىمنى تۈگىتەلمەيمەن، ئاز بولسىمۇ بۇ كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلىڭ!ـ دېدى.

ـ ئۇنداق دېمەڭ، مەن پەقەت ئۆز مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلدىم، باشقىلاردىن پەرقىم ئۆز مەجبۇرىيىتىمنى جايىدا، لايىقىدا، ۋاپىغا يەتكۈزۈپ ئادا قىلدىم. باشقا ئالاھىدە ئارتۇقچىلىقىم يوق...

ۋۇدىڭيۇن ئۇنىڭ سوۋغىسىنى زادىلا قوبۇل قىلمىدى. گەن خۇيۇن يەنە بىر قېتىم كۈچلۈك تەسىرات قاينىمىغا غەرق بولدى،« دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ كۆيۈملۈك ئادەم بار ئىكەن ـ هە؟!» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئادەمنىڭ ئادەمگە بولغان مېھرى ـ مۇھەببىتى مانا مۇشۇنداق تاماسىز، مەنپەئەتسىز بولغاندىلا، ئۇنىڭ ھەقىقىي قىممىتى بولىدۇ. ۋۇدىڭيۇن گەن خۇيۇننىڭ قەلبىدە مەڭگۈ تۈزمايدىغان مۇھەببەت گۈلىنى ئېچىلدۇردى،ئۇ ۋۇدىڭيۇننى چىن دىلىدىن دادام، دادام دەپ زىكرى قىلدى. ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى گۈزەللىك ۋە پاكىزلىق كىشىلىك تۇرمۇشىغا پاياندار سېلىپ، بەخت تۇيغۇسىنى بەردى. شۇنداق،دۇنيا مېھرى ـ مۇھەببەت بىلەن گۈزەل، ئادەمنىڭ ئېسىل ئىنسانىي پەزىلىتى بىلەن گۈزەل!

# سۇ بويىدىكى ھەمراھ

1974 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرى ئىدى، ئۇلۇغچات يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق كان ئىشچىسى، قىرغىز بوۋاي ئوسمان سارىخىيتاي خۇتۇنى بىلەن بالىسىنى ئىشەككە مىندۇرۇپ ساخىل كەنتىدىكى ئۇۋۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.ئۇلار يېرىم يولغا بارغاندا، بىردىنلا ھاۋا تۇتۇلۇپ،تاراسلاپ يامغۇر ياغدى، قاتتىق چۈشكەن يامغۇردا ئۇلار نەگە مېڭىشىنى بىلەلمەي قالدى،

ئۇلار شۇ ئەتراپتىكى بىر كەپىنى كۆردى- دە، ئۇدۇل شۇ يەرگە بېرىپ، كەپە ئىچىگە كىردى. بۇ يەردە ناتونۇش بىر خەنزۇ كىشى دورا ساندۇقىنى يېنىغا قويۇپ ئولتۇرغان بولۇپ، بۇۋاينى كۆرۈپ قىزغىن سالام بەردى. بۇ كىشى ۋۇدىڭيۇن ئىدى، كېيىن ئۇلار بىر ئاز پاراڭلاشتى. قارا يامغۇر قانچىلىك تېز كەلگەن بولسا، ئۇ يەنە شۇنچىلىك تېز ئۆتۈپ كەتتى، ئەتراپ يورىدى، بىراق تولىمۇ پاتقاق بولۇپ مېڭىش تەس ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇلار خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. ئوسمان سارىخىيتاي تاغ باغرىدىكى دەريادىن ئۆتىدىغان يەرگە كەلگەندە، دەريا سۈيى شۇنچىلىك ئۇلغىيىپ كەتكەنكى، ئۇنىڭدىن كېسىپ ئۆتۈش جانغا بېرىپ تاقىلىدىغاندەك قىلاتتى. يامغۇردىن كېيىن كەلگەن سەل شىددەت بىلەن قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپ، لاي ـ لاتقىلارنى زەرپ بىلەن ئېقىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ چاغدا ئوسمان سارىخىيتاي ئىككىلىنىپ قالدى.ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزەم دەريادىن ئۆتۈپ سىناپ باقاي دەپ ئويلىدى. بىراق دەمال بىر قارارغا كېلەلمەي ئۇيان مېڭىپ، بۇيان مېڭىپ يۈردى، ئۇنىڭ خۇتۇنى بىلەن بالىسى تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى، كۆڭ غەرپكە ئەگىپ پېتىشقا باشلىدى. ئۇلار دەريادىن ئۆتۈپ يەنە 10 نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈشى كېرەك ئىدى. ئوسمان سارىخىيتاي تەۋەككۇل قىلىپ دەرياغا كىرمەكچى بولدى. ئۇ ئەمدىلا دەريادىكى سۇغا پۇتىنى تىقىۋىدى، كىمنىڭدۇر چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ ئارقىسىغا قاراپ، بايىقى دوختۇرنىڭ ئۆزى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توختاپ قالدى. دوختۇر ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى- دە:

ـ مەن ياش، ئالدى بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ سىناپ باقاي، ئاندىن سىلەر ئۆتۈڭلار، ـ دېدى- دە، پۇشقاقلىرىنى تۈرۈپ سۇغا كىردى. بۇ چاغدا ئوسمان سارىخىيتاي ئۇنى توسۇپ، سۇغا كىرگىلى قويمىدى.

ـ مەن جەنۇپلۇق ئادەم،دائىم سۇ بىلەن ھەپىلىشىپ چوڭ بولغان، ئۆزەمنى سۇ ئۇرۇۋېتىش ماھىرى دېسەممۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن ھەرقانداق سۇدىن قورقمايمەن!- دېدى ۋۇدىڭيۇن چۇشەندۈرۈپ.

ئوسمان سارىخىيتاي بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمىدى، ۋۇدىڭيۇن دوختۇر سۇغا كىرىپ ئىلگىرىلىدى، كۆتمىگەندە بىر قاردولقۇن كېلىپ ئۇنى

ئۇرۇپ بېسىپ كەتتى، ئوسمان سارىخىيتايلار قۇرققىنىدىن ۋارقىرىشىپ كەتتى، جاسارەتلىك ۋۇدىگيۇن جەبدەسلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، سۇ يۈزىگە پەيدا بولدى - دە، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، سۇنىڭ تېيىز جايلىرىنى مۆلچەرلىۋالدى. سۇ بەكمۇ سوغۇق بولۇپ، ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى مۇزلىتىپ، چىشلىرىنى كاسىلدىتىۋەتتى. ئۇ ئۇ تەرەپتىكى قىرغاققا ئۆتۈپ، يەنە بۇ تەرەپكە ئۆتتى، ئاندىن ئوسمان سارىخىيتايلارنى ئىشەككە مىندۈرۈپ، ئۆزى سوغا چۈشۈپ، پەم بىلەن دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويدى. ۋۇدىگيۇن ئۇلارنى ئۇزۇپ قويۇپ، دەريادىن ئۆتۈپ يېزا تەرەپكە ماڭدى. يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئوسمان سارىخىيتاي ئۇنىڭغا قول پۇلاڭلىتىپ، مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. بىراق ئۇ بۇ كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ نېمىلىكىنى سورىۋالمىغىنىغا بەكمۇ پۇشايمان قىلىپ، پىشانىسىغا بىر نەچچە شاپىلاق ئۇردى. لېكىن ئۇ مۇشۇ بىر ئىشنى زادىلا ئېسىدىن چىقارمىدى، ھەر قېتىم ئاشۇ دەريادىن ئۆتكەندە، ئاشۇ خەنزۇ دوختۇرنى ئەسكە ئېلىپ، ئۇنىڭ ئېھتىياتچان، سەممىي، قىزغىنلىقىنى ياد ئەتتى.

ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتكەندە، ئوسمان سارىخىيتاي ئاغرىپ يېتىپ قالدى، ئۇ ناھىيەلىك دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋېتىپ، ھېلىقى خەنزۇ دوختۇرنى ئۇچرىتىپ قېلىپ ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى.ئۇ ۋۇدىگيۇننىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ:

- سىزنى پەقەت ئۇنتۇلۇپ قالمىدىم،بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگەن بولسام، ئالىقاچان يوقلاپ، رەھمىتىمنى بىلدۈرگەن بولاتتىم.- دېدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى.

# دوختۇر روھى

قۇرۇت ـ قوڭغۇزنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسىمۇ، تېنى شۈركىنىدىغان پاتىگۈل ۋۇدىڭيۇن دوختۇرنىڭ يىلان چېقىۋالغان بىر بالىدىكى زەھەرنى ئاغزى بىلەن شۈمۈرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، شۇ ھامان داۋالاۋاتقان بالىسىنى كارىۋاتقا تاشلاپ قويۇپ، يۈگۈرۈپ چىقتى. باشقىلار دېگەندەك ۋۇدىڭيۇن دوختۇر جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىدە بىر بالىنىڭ بىلىكىنى مەھكەم تۇتۇپ، ئاغزى بىلەن بىلەكتىكى زەھەرنى شۇرۇپ ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى، ئۇ دوختۇر دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن،زەھەرنى ئاغزىدا شۈمۈرسىمۇ ئۇنىڭغا ئەكزى زەھەرلىنىپ قالمايدىكەن، دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇ ۋۇدۇڭيۇننىڭ شۈمۈرگەن قانىنى ھەر قېتىم چىلەككەياندۇرغىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئېلىشىپ بىر قىسىملا بولۇپ كەتتى، بىراق ۋۇدىڭيۇننىڭ بۇنىڭ بىلەن پەرۋايى پەلەك ئىدى. ئۇنچىلا قىلىپ نېمە كېتەتتى دەپ ئويلىدى پاتىگۈل. ئەتراپتا تۇرغان

كىشىلەر ۋۇدىگېيۇننىڭ تەرىپىنى قىلىپ،يىلان چېقىپ  قىيىن ئەھۋالدا قالغان بالىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، سەخسىيەتسىز ئىش قىلىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ ياش تۆكىۋاتاتتى. پاتىگۈل بىردىنىل ئۆزىنىڭ خاتا ئويلىغانلىقىنى ئەسلەپ، تارتىنىش ھېس قىلدى.ئۇ ۋۇدىگېيۇننى خىلى ئوبدانلا تونۇيتتى، داڭقىنىمۇ بىلەتتى، لېكىن، ئۇنىڭ خىزمەتتە بۇنچىلىك ئەستايىدىل، قەتئىي ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقمىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ كۆردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە قايىللىق ۋە تەشەككۈر مەۋج ئۇردى.

پاتىگۈل كانسۇ بازارلىق پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش ئىشخانىسىنىڭ كادىرى ئىدى. بۇنىڭدىن بىر قانچە كۈن ئىلگىرى ئۇنىڭ قىزى بۇئايشەم ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ يۇتا سۆڭىكى سۇنۇپ، ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەلگەنىدى. ئوپېراتسىيە ئارقىلىق ئۇنىڭ قىزى خىلى ياخشى بولۇپ قالغان،شۇنداق بولسىمۇ، ۋۇدىگېيۇن ھەر كۈنى ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرىپ، ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، مەسلىھەت بېرىپ كەلدى. بىر كۈنى ۋۇدىگېيۇن ئۇنىڭ ياتىقىنىڭ سوغۇقلىقىنى ھېس قىلىپ،ئۇنىڭغا توك ئىسسىتقۇ ھەل قىلىپ بەردى؛ ياتاق بىردىنلا ئىسسىپ ھەممەيلەننى خۇشال قىلىۋەتتى، پاتىگۈل بۇ ئىسسىتقۇنىڭ توك پۇلىنى مەن تۆلىشىم مۇمكىن، كۆپ پۇل تۆلەپ كېتەرمەنمۇ دەپ ئويلىدى.

- توك پۇلىدىن خاتىرجەم بولۇڭ، ياتاقنى ئىسسىق قىلىپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز. سىزدىن پۇل ئالساق بولمايدۇ، - دېدى ۋۇدىگېيۇن بىر قېتىم ئۇنىڭ ئەندىشىسىنى بىلگەندىن كېيىن چۈشەندۈرۈپ.

كېيىن ۋۇدىگېيۇن بۇئايشەمنىڭ ياتىقىنى كۈنگەي تەرەپتىكى ياتاققا ئالماشتۇرۇپ قويدى؛ پاتىگۈل ۋۇدىگېيۇننىڭ ئۆزىگىلا شۇنداق كۆيۈنۈش بىلەن چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى بىلدى،ئۇنىڭ كۈن بويى ھېلى ئۇ، ھېلى بۇ ياتاققا كىرىپ، بىمارلاردىن ھال سوراپ، دەردىنى ئاڭلاپ، مەسلىھەت بېرىپ، داۋالاپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. ئۇ بۇنى بىر خىل نام-مەنپەئەت ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش، باشقىلارغا سەممىي مۇلازىمەت قىلىپ، رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا قىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن چاغدا، ئۇنىڭ قەلبى چوڭقۇر تەشەككۈر ۋە

قايىللىققا تولدى. ئۇنىڭ قارىشىچە بىر دوختۇرنىڭ روھى مانا مۇشۇنداق بولۇشى زۆرۈر ئىدى، ۋۇدىگىيۇن دەل ئاشۇ خىل روھ بىلەن دوختۇرلارنىڭ ھەقىقى پەزىلىتىنى، ئوبرازىنى نامايان قىلىپ بېرىۋاتاتتى. پاتىگۈل پات - پات ھېلىقى ئۇغۇل بالىنىڭ يىلان چېقىۋالغان قولىدىن ۋۇدىگىيۇنىنىڭ شۇراپ ئالغان زەھەرىنى ئەسلەپ قالاتتى. بىر كۈنى ئۇ ۋۇدىگىيۇن قىزنى يوقلاپ ياتاققا كىرگەندە، يەنە شۇ چاغدىكى مەنزىرىنى تىلغا ئالدى.

-مەن باشقىلارنىڭ يىلان چېقىۋالغان بالىنىڭ زەھەرىنى دوختۇرخانا باشلىقى ۋۇدىگيۇن شۈمۈرۈپ ئېلىۋاتىدۇ دېگەن گەپنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ باردىم،- دېدى پاتىگۈل بىر خىل ھەيرانلىق تۇيغۇسى بىلەن،- قارىسام راست، ھېلىقى بالا ئۆلۈكتەك ياتىدۇ، سىز ھېچ بىر قورقۇنۇچ يوقتەكلا زەھەرنى شۈمۈرۈپ ئېلىۋېتىپسىز، شۇنچىلىك ئەنسىرىدىم، مەن شۇ چاغدا سىزنى بىر نېمە بولۇپ قالامدىكىن دەپ يۈرۈكىم ئىچىمگە پاتماي قالدى. ئاغزىڭىزدىن يېنىۋاتقان قۇيقارا قان، ۋاي ئانامەي، تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. مانا كېيىن سىز ئەمدى يىلان زەھىرى تۆگەيدۇ دەپ داۋالاشقا كىرىشتىڭىز، ئۇ بالا ئەتىسىلا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئاشۇ ئىشنى ۋاختىدا قىلمىغان بولسىڭىز، بالا ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتى. يىلان، چايان، دۆ چېقىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەر ئاز ئەمەسقۇ! سىز بۇنىڭغا چارە تاپتىڭىز،بۇ بەك ياخشى بولدى. ھېلىقى بالىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ چېھرىدىكى بەخت، شادلىق، سىزگە بولغان كۈچلۈك مىننەتدارلىقنى كۆرۈپ،شۇنچىلىك بەك ھاياجانلاندىم، ئادەم ھاياتىدا كىشىنى شۇنچىلىك تەسىرلەندۈرەلىگۈدەك ئىشتىن بىر - ئىككىنى قىلىپ قويالىسىمۇ، ئىز قالدۇرالايدىكەن، باشقىلارنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئالالايدىكەن. سىز نېمە دېگەن بەختلىك! مەن سىزگە چىن دىلىمدىن قايىل. سىزگە ھەممە ئادەم نامىدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن. سىزنىڭ كېسەلنى داۋالاپ ئادەم قۇتقۇزۇشتا ھېچنەرسىدىن قورۇقماي، ھېچ بىر ئۆزىڭىزنى ئويلىماي ئىشلەش روھىڭىز ھەقىقەتەن قەدىرلەشكە ئەرزىيدىكەن...

- ياق، ئۇنچىلىك دەپ كەتمەڭ،- دېدى ۋۇدىگىيۇن ئۇنىڭغا،- مەن بىر دوختۇر،مەن ئالدى بىلەن باشقىلارنى ئويلىشىم كېرەك، بەزىدە قورقۇپ تۇرىمەن، بىراق ئېغىر ئەھۋال ئاستىدا قالغان ئادەملەرنىڭ ھايات - ماماتلىق

پەيتىدە ئىككىلىنىپ ئولتۇرسام بولمايدۇ. باشقىلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش دوختۇرنىڭ بىردىن بىر ۋىجدانى بۇرچى، خەتەر ئالدىدا دوختۇر ئالدى بىلەن باشقىلارنى نەزەردە تۇتۇشى، ئۆزىنى ئۇنتۇلۇپ كېتىشى كېرەك، مانا بۇ دوختۇرنىڭ روھىدۇر.

بۇنداق سىردىشىش پاتىگۈل بىلەن ۋۇدىڭيۇننىڭ يېقىن سىرداشلاردىن قىلىپ قويدى. پاتىگۈل سىرتتىكى كىشىلەرنىڭ ۋۇدىڭيۇن توغرىسىدا بولۇنغان گەپلىرىنى ۋۇدىڭيۇنگە، ۋۇدىڭيۇننىڭ دوختۇرخانىدا قىلغان ئىسىل ئىشلىرىنى جەمئىيەتتىكى كىشىلەرگە يەتكۈزىدىغان ۋاستىچى بولۇپ قالدى.

# ئۇقسالۇردىكى جەڭ

1974 ـ يىلى 4 ـ ئايدا كۈتۈلمىگەندە قەھرىستان قىش ئارقىسىغا ياندى،تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان قار ئاپىتى ئۇلۇغچات ناھىيەسىنى ساراسىمىگە سالدى، قار شۇنچىلىك قاتتىق ھەم كۆپ ياغدىكى، چۈشكەن قار كېپىنەكتەك ـ كېپىنەكتەك چۈشتى، قارنىڭ قېلىنلىقى بەزى جايلاردا ئۈچ ـ تۆت مېتىرغا يەتتى. پۈتۈن زېمىن ئۇپ ـ ئاق لىباسقا كۆمۈلدى،تاغلار بىلەن تۈزلەڭنى، قىيالار بىلەن ئوي ـ چۇڭقۇرلارنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى.قاتتىق سوغۇق زەربىسىدىن دەل ـ دەرەخلەرمۇ ئىگىلىپ كەتتى.نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى قار ئاستىدا قالدى،بەزى ئۆيلەر ئۈستىگە چۈشكەن قارنى كۆتۈرەلمەي بېسىلىپ كەتتى، نە يول، نە ئوي ـ دۆڭ بىلىش قىيىن ئىدى. بۇ قېتىمقى ئاپەت ئەڭ ئېغىر زىيان سالغان جاي ئەڭ چەت، ئەڭ نامرات يېزا ـ ئۇقسالۇر بولدى.ھەش ـ پەش دېگۈچە ناھىيە بازىغا نۇرغۇن ئادەم ۋە چارۋا مال قاردا ئۆلۈپ كەتتى، يەنە نۇرغۇن ئادەمنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلكى خەتەر ئىچىدە قالدى دېگەن خەۋەر كەلدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋۇدىڭيۈن تۇرالماي قالدى، ئۇ دەرھال سەپەر تەييارلىقىنى قىلىدى، كېتەرلىك دورا ، ئوكۇللارنى راسلىدى ۋە كېچىلەپ يول يۈرۈپ، مىڭ بىر جاپادا ئۇقسالۇر يېزىسىغا باردى. ئاپەتنىڭ زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى، دەمال ئۆلگەن چارۋا مالنىڭ سانىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، قاردا مۇزلاپ ئۆلگەن ئادەم 22 گە يەتكەنىدى. يەنە نۇرغۇن ئادەم بەتەر ئىچىدە بولۇپ،ئۇلارنى كۆپ خىل تەدبىر بىلەن قۇتقۇزۇشقا، يېتەكلەشكە، يۇقۇملۇق كېسەل

تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا توغرا كېلەتتى، بۇ ئىشتا ۋۇدىگېيۇن بىز تېببىي خادىملارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەڭ ئېغىر دەپ قارىدى. ئۇ باشلاپ كەلگەن ئىككى نەپەر خادىم بىلەن بىر كېچە ــ كۈندۈز يول يۈرۈپ مىڭ بىر مۇشاقەتتە كەلگەن، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بولسىمۇ،دەرھال ئىشقا كىرىشتى. ئۇلار يېزىغا يېقىن جايدىكى چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۇلارنىڭ زۇكام بولۇپ قالغان، ئۆپكىسى ئىششىپ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن كىشىلەرگە بىرمۇ بىر تەكشۈرۈپ دورا بەردى، ئاندىن قانداق قىلغاندا قارنىڭ زىيىنىنى ئازايتىپ، ئاپەتتىن ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇسۇل ـ چارىلارنى سۆزلەپ بەردى. ۋۇدىگېيۇن باشقىلاردىن ئاپەت ئەڭ ئېغىر بولغان قوي فىرمىسى 2ـ تارماق ئەترىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ، شۇ يەرگە قار كېچىپ يول ئالدى، ئۇ مىنگەن ئات بەزىدە قورسىقىغا قەدەر قارغا چۆكۈپ كەتتى.ۋۇدىگېيۇن ئات ماڭالمىغاندا، ئۆزى يول ئېلىپ ماڭدى،ئۇ بەزىدە قار دۆۋىسى ئىچىگە چۆكۈپ كەتتى. لېكىن ئۇ بىر ئامالىلارنى قىلىپ يولنى ئىلغا قىلىپ مېڭىۋەردى. قاتتىق سوغۇق ۋە كۈچلۈك شىۋىرغان ئۇنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرىنى مۇزلىتىۋەتتى، ئۇ بۇنىڭغا قىلچە پىسەنت قىلمىدى. بۇ فىرمىدىكى كۆپ قىسىم كېگىز ئۆيلەر قاردا ئۆرۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، 13 ئادەم قاردا مۇزلاپ قېلىپ قازا قىلغانىدى. ھەممە ئۆيلەرى بىردەك قار ئاستىدا قالغان بولۇپ،قار يىغىلىپ قالغان جايلاردا سۇنئىي تاغ ھاسىل بولۇپ ، ئۇ يەردىن ئۆتۈش شۇنچىلىك مۇشكۇل ئىدى. ۋۇدىگېيۇن ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرى ئىككى كېچە ـ كۈندۈز جەڭ قىلىپ، 100 دىن ئارتۇق چارۋىچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالىش، ئالدىنى ئېلىش بىلەن شۇغۇللاندى،بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئېتى ئارام ئالسا ئالدىكى، ئۆزلىرى ئادام ئالماي، چارچاپ ھالىدىن كەتتى. قورساقنىڭ ئاچلىقى، ئۇيقۇسىزلىق ئۇلارنىڭ ھالىنى قويمىدى، كۆزلىرى قىزاردى، ئۇستىخانلىرى يىڭنە سانچىلغاندەك ئاغرىدى. 10 كۈن ئىچىدە ۋۇدىگېيۇن ھەر كۈنى بىرنەچچە سائەتلا كۆز يۇمدى.بىر كۈنى ئۇلار بىر چارۋىچىنىڭ ئۆيىگە باردى، بۇ يەردە بىر بوۋاي بولۇپ،ئۇنى باشقىلار قار ئاستىدا قالغان كېگىز ئۆيدىن تارتىپ ئالغانىدى. ئۇ خۇددى توڭلىتىپ قويۇلغان جەسەتكىلا ئوخشاپ قالغانىدى.ۋۇدىگېيۇن قۇلىقىنى ئۇنىڭ

مەيدىسگە قويۇپ، يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشاپ باقتى، ئۇنىڭ يۈرۈكى بىلىنەر- بىلىنمەس سوقىۋاتقاندەك قىلاتتى، ۋۇدىڭيۇن ئۇنى سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈردى ھەمدە ئۇكۇل ئۇرۇپ، بەدەن ھەرىكىتىنى قوزغىتىپ باقتى، ئائىلىدىكىلەرگە ئۇنى ئىسسىق قويۇشنى،قايناق سۇ ئىچكۈزۈپ مۇھاپىزەت قىلىشنى جىكىلىدى. ئەتىسى مۆجىزە يۈز بېرىپ، ھېلىقى جەسەت بىردىنلا ھوشىغا كەلدى. بۇ چاغدا ۋۇدىڭيۇن ھېچ نەرسىنى سەزمەي ئۇخلاپ قالغان بولۇپ،مىدىراتقان بولسىمۇ سەزمىدى، چارۋىچىلار بۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى ھەمدە ئۇنى مەھكەم يۆگەپ، ئىسسىق يەردە ياتقۇزۇپ قويدى. ئۇ ئۇرنىدىن تۇرغاندا ھېلىقى بوۋاي كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا ئۈمىدلىك تىكىپ تۇراتتى. كېينكى كۈنلەردە ۋۇدىڭيۇننىڭ پۇت - قوللىرى بىراقل سوغۇقتىن ئۈششۈپ كەتتى. دېھقان - چارۋىچىلار ئۇنىڭ قول - پۇتلىرىدىكى قاپاتقۇ، ئۇشۇقلارنى كۆرۈپ كۆز يېشى قىلىشتى،كىكىچىلىك ئۇنىڭغا ئارام ئېلىشنى، داۋالىنىشنى دېيىشتى، ئۇ:

- مەن دوختۇر، ئادەم قۇتقۇزۇشقا كەلدىم،ئارام ئالسام، باشقىلارنىڭ قاتىلىغا ئايلىنىپ قالمامدىمەن!؟ - دېدى.

شۇ چاغدا يېزا باشلىقى بولغان ھەسەنبېك ۋۇدىڭيۇننى قانچە قېتىم ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلىپ ئادەم ئەۋەتسىمۇ، ئۇ قىلچە پەرۋا قىلماي ئىشلەۋەردى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى تەسىراتى ناھايىتى كۈچلۈك ۋە تولىمۇ تەسىرلىك بولدى. ئۇ يېزىنىڭ باشقا كادىرلىرى ۋە دېھقان- چارۋىچىلارنى ئاپەت ئۈستىدىن غەلبە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلغاندا، ۋۇدىڭيۇننىڭ پاراستى، تەسىرلىك ئىشلىرىنى پاكىت قىلىپ سۆزلەپ، باشقىلارنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى:

- شۇ چاغدا ۋۇدىڭيۇن تېببىي خادىملارنى باشلاپ بېرىپ، كېسەللەر، يارىدارلارنى قۇتقامىغان، داۋالىمىغان بولسا، يەنە بىر نەچچە يۈز ئادەم بىئەجەل ئۆلەپ كەتكەن بولاتتى.ئۇلارنىڭ ساق قېلىشىغا ۋۇدىڭيۇن سەۋەب بولدى...

ۋۇدىڭيۇن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئاخىرلاشقاندا قايتىپ كەلدى، بۇ چاغدا ئۇ ئورۇقلاپ كەتتى، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ،لەۋلىرى كۆكۈرۈپ، چىرايى تونىغۇسىز ھالغا كېلىپ قالدى. لېكىن ئۇ شۇنچىلىك جاپالىق

ئىشلىگەنلىكىنى، شۇنچىلىك قىينالغانلىقىنى ھېچكىمگە دېمىدى.

يېزا باشلىقى ھەسەنبېك كېيىن ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى،ھاكىم،ئوبلاست باشلىقى بولدى، ئۇ نەگە بارسا ۋە نەدە مەسىلىگە يولۇقسا، ۋۇدىڭيۇننىڭ شۇ چاغدىكى قەيسەرلىكىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ، كىشىلەرنى تەسىرلەندۈردى، ئىلھامغا ئىگە قىلدى.ئۇ «ئاسماندا پامىر بۈركىتى بولسا،يەردە ۋۇدىڭيۇندەك ئەل كۆيەر بۈركۈت بار!» دېدى.

# يىلتىز بىخ سۈرىدۇ

1984- يىلى كۈز، چۈشتىن كېيىنكى مەزگىل، چىرايىدىن تەبەسسۇم كەتمەيدىغان قۇددۇس تاغا تاماكۇ ئۇراۋېپ ئوت ياقاي دەپ تۇرغاندا، سىرتتىن بىرسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى:

- قۇددۇس تاغا، سىزگە ناھىيەلىك دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پامىردىن تېلېفون كەپتۇ، تېلېفوننى ئالامسىز؟

- ياق، مېنى يوق دەپ قويۇڭلار! -دېدى قۇددۇس تاغا بىردىنلا ھەممە ئىشنى بىلگەندەكلا. «ناھىيەدىكى باشلىقلارنىڭ قورسىقىغا جىن كىرگەن گەپ، بولمىسا، مېنى ئىزدەپ نېمە قىلىدۇ؟ بىلىمەن، ئۇلار ئوغلۇم تۇرغۇننى مەندىن تارتىپ ئېلىپ كەتمەكچى! ئەمدى قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولغاندا ئۇلار ئېلىپ كەتسە، مېنى كىم باقىدۇ، ئائىلىگە كىم قارايدۇ، ھازىرقى ئىشىمۇ شۇنچىلىك ياخشى، يەنە ئوقۇپ، يەنە چوڭ ئىش قىلىمەن دەپ نېمە كەپتۇ،بولدى. ئۇنى ھېچ يەرگە بارغۇزماسمەنغۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلىغان قۇددۇس تاغا يەنە بىر ئازدىن كېيىن، نىيىتىدىن يېنىپ سەل بوشاپ قالدى، رەھبەرلىك ئېلىپ كېتىمەن دېسە، مەن نېمىمۇ قىلالايتتىم دەپ ئۆزىنىڭ قەتئىيلىكىدىن گۇمانلىنىپ قالدى.

تۇرغۇن قۇددۇس تاغىنىڭ ئوغلى بولۇپ،تىرىشچان، جانلىق، مۇلايىم ئىدى، ئۇ 1977 - يىلى تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق تېببىي تېخنىكومى پۈتكۈزۈپ،يۇرتىغا قايتىپ، يېزىلىق شىپاخانىدا دوختۇرلۇق قىلىپ، كەڭ چارۋىچىلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئىگە بولغانىدى. مانا بۇ ھال تۇرغۇننى ۋۇدىكيۇنگە يېقىنلاشتۇرغان. بۇنىڭدىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى ۋۇدىكيۇن ئۇلۇغچات يېزىسىدا چارۋىچىلارنىڭ قان بېسىمىنى تەكشۈرۈشكە باردى، تەكشۈرۈش قەرىياندا تۇرغۇننىڭ شۇنچىلىك بېرىلىپ، ئەستايىدىل ئىشلەيدىغانلىقىنى ھەمدە كەسپىي قابىلىيىتىنىڭمۇ ياخشىلىقىنى بىلدى. شۇ چاغدا يېزىلىق شىپاخانىدا بىر نەچچىلا دوختۇر بولۇپ، شارائىت ئىنتايىن ناچار ئىدى،ئۇلار بىر دانە تىڭشىغۇچ بىلەن بىر

دانە قىزىتما ئۆلچىگۈچ ئارقىلىق كېسەللەرگە دىئاگنوز قوياتتى، تۇرغۇن بۇ يەرگە خىزمەتكە چۈشۈپ، داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن، توختاپ قالماي،داۋالاش كەسپىگە ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ ئۆگەندى، بىلىم سەۋىيىسىنى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈردى ھەمدە ئۆگەنگىنلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاپ، داۋالاش تېخنىكىسى جەھەتتىن ئالدىنقى قاتارغا كىردى.

ۋۇدىڭيۈن تۇرغۇننى ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئادەملەرنىڭ بىرسى ئىدى.ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىدە ئوبيېكتىپ سەۋەب بار ئىدى. ئەينى يىللاردا ئۇلۇغچات ناھىيەسىنىڭ ھەر قايسى يېزا ـ بازارلىرىدا قاتناش، تۇرالغۇ، داۋالىنىش،يېمەك ـ ئىچمەك، كېيىم ـ كېچەك ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولغانلىقتىن، قىيىنچىلىق ئىنتايىن ئېغىر ئىدى، بولۇپمۇ داۋالىنىش شارائىتى كەمچىل، دورا، دوختۇر ئىنتايىن ئاز بولغانلىقتىن، كېسەل كۆرسىتەلمىگەن چارۋىچىلار داۋالىنالماي ۋاقتىسىز قازا قىلىپ كېتىش ئەھۋالى دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى، ناھىيە بازىرىغا داۋالىنىشقا بېرىش ئۈچۈن بىر قانچە كۈن يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ۋۇدىڭيۈن يېزىلارغىشا كېسەل كۆرگىلى، كېسەل داۋالىغىلى بارغاندا، داۋالانغىلى ماڭغان چارۋىچىلارنىڭ يولدا قازا قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، يۈرىكى پىچاق تىققاندەك ئېچىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ،دورا ـ ئۈكۈل كەمچىل، دوختۇر ۋەمچىل، دوختۇرخانىلاردا ئىقتىساسلىق خادىم كەمچىل بولۇشتەك بوشلۇقنى قانداق تولدۇرۇش ئۈچۈن كۆپ قېتىم باش قاتاۇردى. شۇ چاغلاردا ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا بىر قانچە نەپەر ئىقتىساسلىق خادىم تەقسىم قىلىنغان بولسىمۇ،ئۇلار بىر مەزگىلدىن كېيىنلا بۇ يەرنىڭ جاپاسىغا چىدىماي، باشقا جايلارغا كېتىپ قالدى. بۇ ھال بۇ يەردىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا، بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا ئېغىر خىرىس پەيدا قىلدى. ۋۇدىڭيۈن مۇنداق قارىدى: ئەڭ ياخشىسى دوختۇرلارنى، ئىقتىساسلىقلارنى ئۆز ئورنىدىن يېتىشتۈرۈش، ئۆز ئورنىدا خىزمەتكە قويۇش كېرەك. بۇ ئەڭ ياخشى تاللاش ۋە بېكىتىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتقان، نەتىجىسى ئەلا، بىر مەزگىل ئەمەلىي تەجرىبە توپلىغان قىرغىز دوختۇرلارنى تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش، چېنىقتۇرۇشنىڭ يولىنى ئېچىش

ئۇچۇن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.تۇرغۇن ئەنە ئاشۇ ئىشنىڭ بىر نۇقتىسى ۋە نىشانى بولۇپ، ئۇنى ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغاندا تېخىمۇ ئالغا بېسىپ، تېخىمۇ ياخشى نەتىجە بىلەن ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنى ئەمەس، كۆپ سانلىق بولغان ناھىيە خەلقىنى داۋالاشتىن ئىبارەت چوڭ ئىشنى قىلالايتتى دەپ قارايتتى،ئەمما چەت،يىراق چېگرا رايۇندىكى كىشىلەرنىڭ قارىشى باشقىچە بولۇپ، كىم بولسۇن، قىلىۋاتقان ئىشنى قىلىپ، تىرىكچىلىكنى داۋاملاشتۇرسا بولاتتى. قۇددۇس تاغىدىكى قاراشمۇ دەل مۇشۇنداق قاراشنىڭ بىر قىسمى بولۇپ،ئوغلىنىڭ ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا كېتىشىنى خالىمايتتى. لېكىن ۋۇدىڭيۇننى بوش تۇرمىدى. تۇرغۇننى يۆتكەشتىن ئىبارەت ئىشنى ئىزچىل تەكىتلەش، ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا تىرىشتى،چارۋىچىلار ۋە يېزا رەھبەرلىرىمۇ تۇرغۇنغا چىدىمايتتى، ئىش چېكىگە چىققاندا، يېزا رەھبەرلىرى تۇرغۇنغا نۇقتا سېلىپ، ئۇنى يېزىلىق شىپاخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلىپ قويدى. تۇرغۇن بۇنىڭغا نارازى بولۇپ، ئۇ ۋۇدىڭيۇننىڭ دېپىغا ئۇسۇل ئويناشتىن زادىلا باش تارتمىدى.

ـ ئوغلۇم، ھەممە ئادەم ساڭا گەپ قىلىۋاتسا،دوختۇرلۇق ئىشىڭ شۇنداق ياخشى تۇرسا، يەنە نېمە دەپ نېسىتىڭدىن يانمايسەن؟ئەمدى يۆتكىلىمە دىمەي يېنىمىزدا تۇرساڭ بولمامدۇ؟ـ دېدى بىر كۈنى قۇددۇس تاغا تۇرغۇنغا تەنبىھ بەرگەندەك تەلەپپۇزدا.

ـ دادا، ـ دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ،ـ مەسىلە ئۇنچىلىك ئاددىي ئەمەس، مەن ئويلىغان ئىش چوڭ، مېنىڭ ۋۇ دوختۇرنىڭ يېنىغا بېرىپ،ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىپ، سەۋىيەمنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگىم بار. سىزگىمۇ ئايان، مەن ھاسىر ئادەتتىكىچە كېسەللەرنى داۋالىيالايدىغان ناھايىتى تۆۋەن سەۋىيىدىكى بىر دوختۇر. ئادەتتىكىچە ئاددىي كېسەللەرنى داۋالىغان بىلەن ، مۇرەككەپ، ئېغىر كېسەللەرنى داۋالاش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ،تېخنىكام ئۆسسە، قىيىن، مۇرەككەپ كېسەللەرنىمۇ بىۋاستە داۋالىيالىسام، ئۇ چاغدا يۇرتداشلارمۇ مەندىن رازى بولىدۇ، مەنمۇ ئۆزەمنى دوختۇردەك ھېس قىلىمەن...

قۇددۇس تاغا ئويلىنىپ قالدى، ئۇ ئات مېنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن

ئەگەر- توقۇم تەييارلاش كېرەك، ياخشى دوختۇر بولۇش ئۈچۈنمۇ بىلىمى يۇقىرى، تېخنىكىسى ئىلغار بولۇش كېرەك،دېگەنلەرنى ئويلىدى.ئۇمۇ ئاخىرى قايىل بولۇپ، ئوغلىنىڭ يۆتكىلىشىگە قوشۇلدى.

تۇرغۇن ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا يۆتكىلىپ بارغاندىن كېيىن،ۋۇدىڭيۇن ئۇنى بىر قوللۇق يېتەكلىدى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ تېببىي ئونىۋېرسىتېتى قاتارلىق جايلارغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇ بەلگىلىك ئىقتىدار ھازىرلاپ، داڭلىق دوختۇر بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

ۋۇدىڭيۇن بىر قانچە يىل ئىزدىنىپ،ھەم ئۆزى تەربىيىلەش، ھەم تەربىيىلەشكە ئەۋەتىش ئارقىلىق بىر تۈركۈم ياش، ئوتتۇرا ياش قىرغىز دوختۇر، پەرۋىشكارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئۇلار كېيىنكى يىللاردا تاغلىق رايوندىكى داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق تايانچلىرى بولۇپ قالدى. تۇرغۇن مۇنداق دېدى:

- مەن ۋۇ دوختۇرنى ئەڭ يېقىن سىردىشىم ھەم ئۇستازىم دەيمەن، ئۇنى مېنىڭ بىر پۈتۈن ئادەم بولۇشۇمغا ياردەم بەردى.ئۇ كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۈرگەن يەنە بىر تۈركۈم قىرغىز دوختۇرلار ئۆز خەلقىنىڭ داۋالاش ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈشتە كارامىتىنى كۆرسىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بۇ كاتتا ئىش خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

## مەنبە- ئەسلىدە سىز!

60 ياشقا كىرگەن نىشائاللا ئانا تويۇن يېزىسىدىن ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كېلىندى، ئۇنىڭ قورسىقى زىيادە يۇغىناپ، ھەس - ھۇشىنى بىلمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالغانىدى، ئۇ ئاغرىق ئازابىدىن

ئۆلۈمنى تىلەپ، ئاھ ئۇرۇپ، ھەممە ئادەمنىڭ ھىسداشلىقىنى قوزغايتتى. تەكشۈرۈش نەتىجىدە ئۇنىڭدا جىگەر قاپلىق قۇرۇتى بارلىقى ئىسپاتلاندى. ئىنشائاللا ئانا بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغىلى ئۇزاق يىللار بولغان، بىراق داۋالىنىش شارائىتى يوق، بەك ئېغىر ئاغرىپ يېتىپ قالمىغاچقا يۇرۇۋەرگەنىدى. ئۇنى پەقەت بولالمىغاندا ئېلىپ كەلگەن. ئەمدى يەنە قاراپ تۇرۇشقا بولمايتتى، ئۇنى تېزدىن ئوپراتسىيە قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بىراق ئۇنىڭ بەدىنى ئىنتايىن ئاجىز،ئۇزۇقلۇق يېتىشمەسلىك ئەھۋالى مەۋجۇت بولۇپ، ئوپراتسىيەدىن بۇرۇنقى تەييارلىقنى ناھايىتى ياخشى قىلىش زۆرۈر ئىدى. ۋۇدىڭيۇن ياش دوختۇر ئىمامنى چاقىرىپ:

- بىمارنىڭ مەسئۇل دوختۇرى سىز بولىسىز،ئوپراتسيەدە سىز باش دوختۇر بولۇپ، پىچاقنى باشتىن- ئاخىر سىز تۇتىسىز، مەن ۋە باشقىلار ياردەمچى دوختۇر بولىمىز، ئىدىيىڭىزدە تەييارلىق بولسۇن،- دېدى.

ئىمام دەمال بىر نەرسە دېيەلمىدى، ئۇ ۋۇدىڭيۇننىڭ ئۆزىگە كۆيۈنىۋاتقانلىقىنى، تەربىيىلىنىشى ۋە تەجربە توپلاپ، پىششىغا پۇرسەت يارىتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ئىمام ياش دوختۇر بولۇپ، شىنجاڭ تېببىي ئونىۋېرسىتېتىنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە بىر يىل بىلىم ئاشۇرۇپ قايتىپ كەلگەنگە بىر قانچە كۈن بولغانىدى. ئۇ تەربىيىلىنىش جەريانىدا كېلىنكىلىك داۋالاش پىراكتىكىسىنى قىلغان بولسىمۇ،ئوپراتسيە قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ سەل ئىككىلەندى ۋە ئېنىق بىر قارار كېلەلمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ خىل ئېغىر كېسەللەرگە ھەمىشە دېگۈدەك ۋۇدىڭيۇن ئۆزى باش بولاتتى ياكى تەجرىبىلىك دوختۇرلار مەسئۇل بولۇپ ئىشلەيتتى. بۇگۈن بىراقلا ئىمامغا چۈشكەن بۇ ۋەزىپە بەكمۇ تاساددىيى ئىدى.

- ئىككىلەنمەڭ، -دېدى ۋۇدىڭيۇن ئىمامنى رىغبەتلەندۈرۈپ،- دۇنيادا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق،سىزنىڭمۇ قانات - قۇيرىقىڭىز يېتىلىپ قالدى. بۇ ئوپراتسيىنى سىز قىلىسىڭىزلا، كۆزىڭىز قورقسىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز،مەن سىزنىڭ ئوپراتسيىنى ياخشى قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن...

بۇ رىغبەت ئىمامنى بەكمۇ تەسىرلەندۈردى، ئۇ بارلىق ئىقتىدارىنى ئىشقا

سېلىپ، ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئۆزى قىلىدىغان ئوپېراتسىيىنى ياخشى، تولۇق ئىشلەپ، ئۇتۇق قازىنىشقا بەل باغلىدى.ئوپېراتسىيىنىڭ ئالدىدىكى تەييارلىقنى شۇنچىلىك پوختا، ئىنچىكە قىلدى.

ئوپېراتسىيە رەسمىي باشلانغاندا،ۋۇدىڭيۇن ئۇنىڭ ئۇستىدە تۇرۇپ، قانداق قىلىشنى بىرمۇ بىر دەپ كۆرسەتمە بەدى،ئوپېراتسىيە ئوڭۇشلۇق بولدى، نىشائاللا ئانىنىڭ قورسىقىدىكى 15 كىلوگرام ئېغىرلىكتىكى ئۆسمە، قاپلىق قۇرۇت ئېلىپ تاشلاندى، ئىمام بىردىنلا يېنىكلەپ قالدى. ۋۇدىڭيۇن ئۇنىڭ كۆزىگە باشقىچىلا ئىسسىق كۆرۈندى.

- قورقىشىڭىزنىڭ ئورنى يوق، گەپ بىزنىڭ شۇ ئىشقا قانداق قارىشىمىزدا،ئىشەنچ قىلساق ۋە تەكرار ئىشلىسەك، چوقۇم نەتىجە ياخشى بولىدۇ، - دېدى ۋۇدىڭيۇن ئىمامغا مەنىلىك قىلىپ، -ئېغىلدىن چىقمىغان پاقلان چوڭ بولمايدۇ.يايلاقتا چاپمىغان تاي ئات بولمايدۇ. دوختۇرخانىدا ئىش قىلمىغان ئادەم تەييار تاپ بولۇپ قالىدۇ.بىز ئىشنى قانچىكى كۆپ قىلساق، شۇنچىكى ئىشلىرىمىز ياخشى بولىدۇ...

نىشائاللا ئانا ھېلىقى ئېغىر ئازابلاردىن قۇتۇلدى، ئۇ بىردىنلا روھلىنىپ قالدى، ئۇ ۋۇدىڭيۇنگە:

- بالام، قولىڭىز دەرت كۆرمىسۇن،خۇدا سىزنى مۇرات-مەقسىتىڭىزگە يەتكۈزەر، ئىلاھىم 100 ياشقا كىرەرسىز! - دەپ تەشەككۈر ئېيتتى.

ۋۇدىڭيۇن كۈلۈپ تۇرۇپ:

- ئانا سىلى ماڭا رەھمەت ئېيتماي، ئىمامغا رەھمەت ئېتسىلا،چۈنكى ئوپېراتسىيىنى ئىمام قىلدى،- دېدى.

- ئۇنىڭغىمۇ دەيمەن، ئالدى بىلەن سىزگە دەيمەن، ئاندىن ئىمامغا دەيمەن، -دېدى نىشائاللا ئانا ھاياجانلىنىپ،- ھەرقانداق نەرسىنىڭ مەنبەسى بار، سۇنىڭ باشتىن كېلىدىغان مەنبەسى بار.ئىمامنىڭ ئوپېراتسىيىنى ياخشى قىلىشىنىڭ مەنبەسى - يەنىلا سىز. چۈنكى ئۇ بۇ ھۈنەرنى سىزدىن ئۆگەنگەن، سىزئۇنىڭ ئاتىسىغا ئوخشايسىز.

ۋۇدىڭيۇن كۈلۈپ كەتتى،ئىمامنىڭ كۆزى نۇرلىنىپ رازىلىق بىلدۈردى، شۇنداقلا ئۇنى بىر خىل ھاياجان چىرمىۋالدى.

# كېسەلنىڭ ئۆگىيى يوق

كېسەل كارۋىتىدا ياتقان رۇسگولمانوف سىرتتا لەپپىلدەپ يىغىۋاتقان قارغا قاراپ، غەمكىن كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكتى. ئۇ دېرىزە يېنىدا تۇرۇپ، يۇرتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ھېلىقى ناخشىنى ئوقۇدى:

يۆگەندى مۇزغا ۋولگا دەرياسى،
ئۈنىڭ ئۈستىدە ھارۋا ئىداسى!..
ئاھ دەيدۇ، ئاڭلىنار شۇ ھارۋىدىكى -
قېرى ئات بىچارىنىڭ ساداسى...

1993 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، رۇسگولمانوفنىڭ ھاياتىدىكى پاجىئەلىك بىر كۈن بولدى: ئۇ شۇ كۈنى سىمخانىدىن ئۇلۇغچاتقىچە بولغان ئارىلىقتىكى تاشيولنى ياساش قۇرۇلۇشىدا ئۆزىنىڭ ئاپتوموبىلى بىلەن شىغىل توشاۋاتقاندا، تاغدىن گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن يوغان بىر پارچە تاش رۇسگولمانوفنىڭ پۇتىنى بېسىۋېلىپ ئۇنى ئېغىر يارىلاندۇردى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يارىسى ئېغىر، ھالى بەكمۇ خاراپ بولۇپ،ئۇ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن قاتتىق گۇمانلاندى. ئۇنى باشقىلار دەرھال ئۇلۇغچات ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ، سۆڭەك كېسەللىرى بۆلۈمىنىڭ دوختۇرىنى مەسئۇل قىلىش بىلەن بىر چاغدا،ۋۇدىگيۇن ئۆزى قول سېلىپ داۋالاشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئەينى چاغدا رۇسگولمانوفنىڭ پۇت سۆڭىكى سۇنغان بولۇپ،يىلىكىگە قان ئۆتۈپ كەتسە، ئۇ چاغدا يامان خاراكتېرلىق كېسەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن زور ئىدى، بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلار ئۇنىڭ پۇتىنى رەسىمگە ئېلىش،دىئاگنوز قويۇش،سۇنغان سۆڭەكنى جايىغا كەلتۈرۈپ تېڭىش، دورا بىلەن داۋالاش ئىشلىرىنى ناھايىتى ئەستايىدىل ئىشلىدى. بۇ جەرياندا رۇسگولمانوفنى پولات سىم بىلەن كارىۋاتقا تېڭىپ، سۇنغان سۆڭەكنىڭ مۇقىملاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. بۇ چاغدا رۇسگولمانوف ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىدىن ئايرىلىپ قالدى.تاماق يېيىش، ھاجەت قىلىش قاتارلىق بىر قاتار ئىشلار ئۇنىڭ مۇقىملىششى بىلەن توختاپ قالدى، ئەمما ئۇ مۇشۇ ئىشلارنى قىلىشى ياكى باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ قىلىشى كېرەك، ھالبۇكى، ئۇ ئۇمىد كۈتكۈن يۇرتداشلىرىدىن ياخشى ئىنجاغا ئىگە بولالمىدى، ئۇلار ھەتتاكى دوختۇرخانىغا بىر قېتىم يوقلاپ كېلىپلا يوقلىشتى. رۇسگولمانوف قاتتىق ئازابلاندى، غېرىپلىق، بىچارىلىق ھېس قىلىپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇ قىلىشى زۆرۈر بولغان ئىشلارغا كىم ئىگە بولار؟ بۇ ئۇنىڭ غېمىنى شۇنچىلىك ئېغىر قىلىۋەتتىكى،كىشى يۇرتىدىكى مۇساپىرچىلىقنىڭ بۇنچىلىك قاتتىق بولىدىغانلىقىنى چۈڭقۇر ماھىيىتىدىن تونۇپ يېتىپ، يۈرۈكى، قەلبى تىقىلىپ يىغلىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ غەملىرىنى ۋۇدىگيۇن غەمگۈزار شۇ ھامان ھەل قىلدى. ئۇ رۇسگولمانوفنىڭ تۈزۈتلىرىگە قاراپ

تۇرماي، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلدى، ھەر كۈنى ئۇنى نەچچە قېتىم يوقلىدى، تەرىتىگە قاچا تۇتتى،مەسلىھەت بېرىپ، ئۇنى ئىلھاملاندۇردى. ۋۇدىڭيۇن ئوقۇش جەريانىدا رۇس تىلىنى خىلى كۆپ ئۆگەنگەن، بىراق يېقىنقى يىللار داۋامىدا ئۇنى ئىشلىتىپ باقماي نۇرغۇن سۆز ـ ئەبارىلەرنى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، رۇسگولمانوفنىڭ كېسىلىنى داۋالاش جەريانىدا رۇش تىلىنى قايتا ئەسكە ئېلىپ،ئۇنىڭ بىلەن رۇس تىلدا پاراڭلىشىپ تۇردى. بىلەلمىسە، ئىما ـ ئىشارە بىلەن ئۇقتۇردى. رۇسگولمانوف بىر خەنزۇ دوختۇرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قىلىۋاتقان ياخشىلىقى ۋە دوختۇرغا خاس شەخسىيەتسىز، تەماسىز روھىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. ئۇ بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ ھاياجانلانغاندا، ۋۇدىڭيۇن ئۇنىڭغا :

ـ بىر دوختۇر ئۈچۈن بىمارنىڭ چېگرىسى بولمايدۇ، بىمار ئۈچۈنمۇ دوختۇرنىڭ ئۆگىيى بولمايدۇ،شۇنداق بولغاچقا،دوختۇر ھەقىقىي ماھايىتى ئارقىلىق بىمارغا بىمالال تەقدىم قىلىشى كېرەك، بۇ مۇشۇ كەسىپنىڭ چىقىش قىلىدىغان ئورتاقلىقى. سىز كىم بولۇڭ،دوختۇرنىڭ قەلبىدە بىمار بولىدۇ،بىمار دوختۇرنىڭ كەسپىي ھاياتىدىكى قانىتى! سىزدىن كۈتىدىغان ئۈمىد: پەقەت غەم قىلماي، بىزگە ماسلىشىپ، ياخشى داۋالىنىشتىن ئىبارەت ئىستەكنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ماسلىششىش... ـ دېدى.

رۇسگولمانوفنىڭ يۈرۈكى بۆلەكچىلا يايراپ كەتتى.ئۇ خاتىرىجەملىك ۋە سۆيۈنۈش ئىچىدە ئۆزىنى شۇنچىلىك يېنىك ھېس قىلدى.

دېرىزە ئەينەكلىرى مۇزلاپ، ھەر خىل مەنزىرىلەرنى ھاسىل قىلغان، قاتتىق سوغۇق بىلەن ئۆي ئىچىدىكى ھارارەتنى پەرقلەندۈرۈپ تۇرغان ئاشۇ مەنزىرىلەرگە مەپتۇن بولۇپ ئولتۇرغان رۇسگولمانوف ۋۇدىڭيۇن بىلەن ئۇنىڭ ئايالىنىڭ شۇنچىلىك ئوخشىتىپ تاماق ئېتىپ كىرىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. رۇسگولمانوف ئىسسىق، مېزىلىك تاماقنى يەپ شۇنچىلىك ھوزۇرلاندى ۋە ھاياجاندىن ياش تۆكتى. بۇ چاغدا ۋۇدىڭيۇن:

ـ دوختۇرخانىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز،بىمارلارغانىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش بولسا، بىز دوختۇرلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىتى. سىزگە قاراشمۇ دەل

شۇنىڭ جۈملىسىدىن. مۇبادا مەن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بىمار بولۇپ، سىزنىڭ يۇرتىڭىزدا قىينىچىلىققا قالسامۇ، سىز ئوخشاشلا ياردەم قىلغان بولاتتىڭىز. سىزگە ياردەم قىلىش ئىنسانى پەزىلەتتىن بولىدۇ، مانا بۈگۈن بىز يېقىن ئۇرۇق- تۇغقانلاردەك بولۇپ قالدۇق، شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ ياردىمىمىزنى تولۇق قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك....- دېدى.

ۋۇدىڭيۈننىڭ مەنىلىك گەپلىرى ئۇنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.

ئەمەلىيەتتىمۇ، ۋۇدىڭيۈننىڭ قاراشلىرى شۇنداق ئىدى، ھەرىكىتىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ دەۋرى قىلاتتى. مەيلى كىم بولسۇن، ئۇ ئىنسان، ئۇنىڭ ئالدىغا كىرگەنلەرنىڭ ھەممى بىمار، بىمارلارنى ئۇ يەرلىك ، بۇ يەرلىك دەپ ئايرىشقا ھەرگىز بولمايتتى. ۋۇدىڭيۈندىكى بۇنداق روھ نۇرغۇن بىمارلارنى ھاياجانغا سالغان،نۇرغۇن بىمارلارنىڭ خۇن باغرىنى ئېرىتىپ، دىلىنى سۈيۈندۈرگەن. رۇسگولمانوفمۇ ئۇنىڭ ئاشۇنداق مېھرىبانلىقى، سەمىمىيلىكىدىن كۆڭلى سۇ ئىچىپ قالدى. مۇنداقچە قىلغاندا، ئۇ رۇسگولمانوفقا ئاتىلىق مېھرىنى تولۇق يەتكۈزدى.

رۇسگولمانوف دوختۇرخانىدا 50 كۈن ياتتى، ۋۇدىڭيۈن ئۇنىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك 10 قېتىملاپ يوقلاپ، پۈتۈن تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالدى. بۇ كۈنلەر رۇسگولمانوفقا ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتكەندەك تۇيۇلدى؛ ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىدىغان چاغدا ۋۇدىڭيۈننىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ:

- مېنىڭ سىزگە دەيدىغان ناھايىتى نۇرغۇن تەشەككۇر سۆزلىرىم بار. مەن سىزنى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقارمايمەن،سىز ۋە سىزنىڭ ھەمرالىرىڭىز بەك ياخشى، بەك ئالىيجاپكەنسىلەر، رەھمەت! - دېدى.

ۋۇدىڭيۈننىڭ بىمارلارغا تۇتىدىغان مۇئامىلىسى ھەر ۋاقىت بىر خىل بولۇپ،كىم بولسۇن، داۋالاش جەريانىدا مىللەت، قەۋىم ئايرىمايتتى. بۇنداق پەزىلىتىنى ساغلام خىزمەت، مۇلازىمەت ئارقىلىق نامايان قىلىپ،كىشىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن.

## ئاھ قان، ئاھ جان!

1991 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئىدى. بۆرەتوقاي يېزىلىق شىپاخانىنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن ئادەم توپلىنىۋالغان بولۇپ، ھالى خاراپ بىمار خالىپىنىڭ خەتەرلىك ھالى ھەققىدە ئەندىشىلىك بەس ـ مۇنازىرىلەر بولۇۋاتاتتى. 20 ياشلىق قىرغىز چوكان خالىپە تۇغۇتتىن كېيىنكى ئاستا خاراكتېرلىق قورساق پەردىسى ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان بولۇپ، چىرايى سارغايغان ھالدا ھۇشسىز ياتاتتى. شۇ يەردە تۇرغانلار بولسۇن، دوختۇرلار بولسۇن، ھەممىسى تېنى تولىمۇ ئاجىز، ماغدۇرى كېسىلىپ بولغان خالىپە ئىچ ئاغرىتىش بىلەن تۇراتتى، ئەمەلىيەتتىمۇ كۈچلۈك تەدبىر بىلەن قۇتقۇزۇلمىسا، ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىد يوق ئىدى. قىيىن شارائىت بىلەن ۋاقىت ئۇنىڭ سەۋەبچى قاتىلى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. يېزىلىق شىپاخانىنىڭ ئۇنى قۇتقازغىدەك ئىقتىدارى يوق ئىدى، قانداق قىلىش كېرەك؟ ھەممە ئادەم ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىغا، ۋۇدىڭيۈنىنىڭ يېنىغا ئاپىرىش كېرەك دېگەن ئويدا بولدى. بىراق بۇ يەر بىلەن ئۇ يەرنىڭ ئارىلىقى 100 كىلومېتىردىن ئاشاتتى. يول يىراق ھەم تولىمۇ خەتەرلىك بولۇپ، بىخەتەرلىككە بىر نەرسە دېمەك قىيىن ئىدى. مەيلى قانداقلا بولسۇن، ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا تېلېفون ئۇرۇپ بېقىش كېرەك ئىدى. بۇ خىزمەت تامام بولدى. كىشىلەر تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشتى. كۈن

غەرىپكە پېتىپ كەتتى،يېزىنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان تاغ سۇرلۇك كېچە قوينىغا غەرق بولدى.شۇنداق بىر چاغدا يىراقتىن كېچىنى يېرىپ كېلىۋاتقان ئاپتوموبىلنىڭ چىراق نۇرى كۆرۈندى، كىشلەر بىر خىل ئىنجاتلىق يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولدى. دېگەندەك ، تېز قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى كەلدى. داۋالاش ئاپتوموبىلىدىن بىر نەچچە دوختۇر ـ سېستىرا چۈشتى.ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دوختۇرخانا باشلىقى ۋۇدىگيۇنمۇ بار بولۇپ، ئۇ جىددى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن خالىپىنى ئاپتوموبىلغا سالدى ـ دە، تېزلىك بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئاپتوموبىل كېچىلەپ ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا يېتىپ باردى. جىددى قۇتقۇزۇش تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ قويغان دوختۇر ـ سېستىرالار خالىپىنى تېزلىك بىلەن تەكشۈردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى ۋۇدىگيۇنىنىڭ ئويلىغىنىدىن ئېغىرراق بولۇپ چىقتى. خالىپىنىڭ قورساق قىسمىغا يىغىلىپ قالغان سۇ بىر- ئىككى كىلوگرام ئەتراپىدا بولۇپ، پۈتۈن پەدەنگە كەلتۈرىدىغان بېسىمى ئىنتايىن چوڭ ئىدى. شۇڭا خالىپىنىڭ نەپەس ئېلىشىمۇ قىيىنلىشىۋاتاتتى،ئۇنى دەرھال ئوپىراتسيە قىلىش، قورساق قىسمىدىكى سۇنى چىقىرىپ تاشلاپ زۆرۈر ئىدى. سۇنى چىقىرىپ تاشلىغاندىلا ، خالىپەنىڭ ھاياتى خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالاتتى، بىراق ئۇنىڭ تېنى تولىمۇ ئاجىز بولۇپ ،ئوپىراتسيەنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلىشىگە بىر نەرسە دىگىلى بولمايتتى. ۋۇدىگيۇن بۇ چاغدا بەكمۇ بىئارام بولدى. بىراق ئۇ قاراپ تۇرساق بولمايدۇ، ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن قان سېلىپ، بەدەن ئىمۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك دەپ قارىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا جىددىي لازىملىق قان يوق ئىدى. خالىپەنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرى قان سېلىش توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئالا چۇقان كۆتۈرۈپ، يىغىنى باشلىدى...

غۇرىگۇل تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ قولىدىن يىغلاشتىن باشقا چوڭ ئىش كەلمەيتتى. قان تېپىش تولگۇل، قان سېتىۋالغۇدەكمۇ پۇل يوق ئىدى. بەلكى باشقىلارغا نۇرغۇن پۇلغا قەرزدار ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟

ـ يىغلىماڭلار،قاننى ئۆزەم ھەقسىز بېرىمەن!ـ دېدى ۋۇدىگيۇن كەسكىن قىلىپ،ـ مېنىڭ قان تىپىم ئۇنىڭ قان تېپى بىلەن ئوخشاش

ئىكەن. بۇ تازا ئوڭ كەلگىنى! داۋالىنىشقا پۇل يەتمىسە، ئۇنىڭ ئامالىنى مەن قىلىمەن.

قان بېرىش ـ قان سېلىش تەييارلىقى جىددى ئىشلەندى، ۋۇدىڭيۇن يانمۇ يان يېتىپ، خالىپىگە 300 مىللى گرام ئىسسىق قېنىنى بەردى. ئۇ ھەم قان بەردى، ھەم جان بەردى: ھوشسىز ياتقان خالىپە بىر ئازدىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. يەنە بىر ھايات ئۇنى باغاشلىدى، ئۇ ھاياتنىڭ قايتىلانغان مەنزىسىنى كۆردى. بەخت، چىن بەخت دېگەن مانا مۇشۇ! خالىپىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بۇ مۆجىزىدىن ھاڭ ـ تاڭ قالدى، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتىكى يېڭى ھاياتلىقتىن، ۋۇدىڭيۇنگە بولغان كۆچلۈك مىننەتدارلىقنى سەزدى ۋە ئاجايىپ كۆچلۈك بولغان تەشەككۇر دەرياسىغا غەرق بولدى...

ۋۇدىڭيۇن قان بەرگەندىن كېيىن، ئۆزىگە ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئوپېراتسىيە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، ئۇ خالىپىنى ئالتە سائەت ئوپېراتسىيە قىلىپ، قورسىقىدىكى سۇنى ئېلىپ، تازىلاپ، ئۇەھ دېدى. ئۇ تولىمۇ ھېرىپ كەتكەن، چىرايى تاتارغان ھالەتتە ئېپوراتسىيە ئۆيىدىن چىقتى. بۇ چاغدا كېچە سائەت 3 :00 تىن ئاشقان ئىدى.ئۇ يەنە دوختۇر ـ سېستىۋالارغا خالىپىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىش، كۆتۈش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ،سۇبھىگە ئاز قالغاندا ئۆيىگە كىردى، ئۇ ئەمدىلا كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇشىغا تۇن يورۇپ، ئىشقا چىقىش ۋاختى كەلدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئىشقا ماڭدى. ئۇ ئىشخانىغا بېرىپلا، خالىپىنىڭ ياتىقىغا كىرىپ ئەھۋالىنى سوراپ،دوختۇرنىڭ ئۇ ھەقتىكى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى سۈرۈشتە قىلدى. خالىپىنىڭ ئەھۋالى ياخشىلانغان ھەمدە كېسەل تۇراقلاشقان بولۇپ، تەدرىجى ياخشىلىپ كېتىشىدە گەپ يوق ئىدى. ۋۇدىڭيۇن ئۇنىڭغا سۈت پاراشوكى، مېۋە ـ چېۋە قاتارلىقلارنى ئالغاچ بارغان ئىدى، ئۇ بۇ نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ياخشى ئارام ئېلىشنى تاپىلىدى.

خالىپە بىر ئايدا سەللىمازا ساقايدى، ۋۇدىڭيۇننىڭ شەخسىيەتسىز، ئالىجاناپ روھىدىن كۆچلۈك ئىلھام ئالدى. ئۇ بېشىغا بەخت قۇشىنى قۇندۇرغان ۋۇدىڭيۇنگە چىن دېلىدىن، تەكرار ـ تەكرا رەھمەت ئېيتتى.

# يۇقالغان بىمار

ۋۇدىڭيۇن دائىم ئالدىراش ئىشلەيتتى، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى ناچارلاشسىمۇ، مانا، ئىنا دەپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ قوياتتى، بىر قېتىم ئۇنىڭ سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى قوزغاپ ئارام بەرمىدى، بۇ چاغدا ئۇ باشقىلار بىلىپ قالسا، ياتاققا ياتقۇزۇپ قويىدۇ، نۇرغۇن ئىش توختاپ قالىدۇ دەپ كېسەلنى، ئاغرىقنى يۇشۇرۇپ يۈردى. بىر كۈنى ئۇ بىر بىمارنى ئوپېراتسىيە قىلىش جەريانىدا بەكلا چارچاپ كەتتى، ئۈچەي ياللۇغىمۇ قاتتىق تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئارام بەرمىدى، ئۇ ھەتتاكى ئاغرىق ئازابىدىن ئۆرە بولالماي، قورسىقىنى تۇتقانچە ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ چاغدا باشقىلار ئۇنىڭدىن سوراش، كوچىلاش ئارقىلىق ئۇنىڭ كېسىلىنى بىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە كىشى ئۇنى مەجبۇرى تەكشۈرۈتۈپ،كېسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى، ۋاختىدا ئوپېراتسىيە قىلىش زۆرۈرلۈكىنى بىلىشتى. دوختۇرخانا پارتكومى ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئېغىر كېسەل تۇرۇپمۇ ئىشلىگەنلىكىدىن قاتتىق تەسىرلەندى ھەمدە ئۇنى بالىستقا ئېلىپ داۋالاش، ئارام ئالدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى.

- مەن ياتمىساممۇ بولىدۇ، ئوپېراتسىيە قىلىنىدىغان چاغدا ياتاي، - دېدى ئۇ نارازى بولۇپ.

- بولمايدۇ، سىز ساغلام بولسىڭىزلا ئاندىن ھەممە ئىشنى قىلالايسىز،سىز يەنە سانسىز بىمارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىسىز، ئۇلاۋر سىزگە ئېھتىياجلىق، شۇڭا سىز داۋالىنىپ ساقىيىشىڭىز كېرەك.

بۇ ياخشى كۆڭۈللۈك ۋە سەمىمىيەت بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپ ئىدى، شۇنداقلا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭمۇ ئۈمىدى ئىدى!

- ۋاختىدا داۋالىنىپ، تېز ساقايسىڭىز، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىش پۇرستى بولىدىغۇ؟ سىزنىڭ سالامەت بولىشىڭىز، ئائىلىمىزنىڭ بەختى. باشقىلارنىڭ كېسىلىگە مۇئامىلە قىلغانىنىڭ كىچىك بىر قىسمىنىلا،

ئۆزىڭىزنىڭ كېسىلىگە ئاجرىتىپ قويىسىڭىزلا ھەممە ئىس پۈتىدۇ، ـ دېدى ئۇنىڭ ئايالى كايىپ تۇرۇپ.

ـ دادا،ماوزېدۇڭ تەلىم بېرىپ:«تەن ساغلام بولسا، ئۆگىنىشنى، خىزمەتنى ياخشى قىلغىلى بولىدۇ» دېگەن. سىز يەنىمۇ نۇرغۇن كىشىلە رئۇچۇن، چوقۇم كېسىلىڭىزنى داۋالاتمىسىڭىز بولمايدۇ، دېدى قىزى ۋۇيەن تەكىتلەپ.

ۋۇدىڭيۇن ئاخىرى داۋالىنىشقا قوشۇلدى. ئۇنىڭ ئوپېراتسىيىسى ئىشتىن چۈشكەن چاغدىكى ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلدى. ئۇ شۇنچىلىك جانلىق ۋە قىزغىن ئىدى. ئۇ ئەتىسى كېسەل كارىتىدىن چۈشۈپ،دوختۇرخانا پارتكومىنىڭ ھەيئەتلەر يىغىنىنى ئاچتى ھەمدە بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.چۈشتىن كېيىن بولسا، ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش توغرىلىق ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇپ ئالدى. دوختۇرخانىدىكى باشقىلار، بولۇپمۇ پارتكوم ھەيئەتلىرى بۇنى كۆرۈپ، چىدىماي قالدى ھەمدە ئالاھىدە يىغىن ئېچىپ، ۋۇدىڭيۇننى «قاتتىق نازارەت قىلىش»نى بەلگىلىدى. دوختۇر تۇرغۇن ئۇنىڭغا كۆز ـ قۇلاق بولۇشقا ئاجرىتىلدى ھەمدە بۇ ئەھۋاللار ۋۇدىڭيۇنگە يەتكۈزۈلدى.

كەچتە تۇرغۇن ۋۇدىڭيۇن بىلەن كەسپىي ئۆگىنىش،ئىقتىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش،ئائىلىۋىي تۇرمۇش، باللارنى ئوقۇتۇش، بىمارلارغا ياخشى مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلاشتى، كېيىن ئۇ باشقا ياتاقلاردىكى بىمارلارنى تەكشۈرۈش، كۆزىتىشكە ماڭدى. تۇرغۇن قايتىپ كىرگەندە، ۋۇدىڭيۇن يوق ئىدى،ياتىقى قۇرۇق بولۇپ، سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، تۇرغۇن ئۇنى ئۈستىدىكى ياتاقلارنىڭ بىرسىدە بولسا كېرەك دەپ پەرز قىلدى، بىراق ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئارىدىن خىلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن سادا يوق ئىدى. تۇرغۇن دوختۇر بىرەر سائەت ساقلىغان، ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئېنىق جاۋابقا ئىگە بولالمىدى.كەچ كىرىپ ھەممە يەرنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلاشقا باشلىدى. تۇرغۇن دوختۇر جىلە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە تېلېفون ئۇرۇپ ئايالىدىن سورىدى.

ـ نەگە بېرىشنى ماڭا دېمىگەن،بەلكىم يىراققا كەتمەس، دوختۇرخانا

ئىچىدە بولۇشى مۇمكىن...ئىشخانىسىغا كىرىپ قاراپ بېقىڭلار،گۇرجەكنى ئېلىپ كەتكەن بولسا، دوختۇرخانىنىڭ يېڭىدىن قويغان كۆچەتزارلىقىدا بولىدۇ.

بۇ راست چىققان پەرز بولۇپ قالدى، ۋۇدىڭيۇن دوختۇرخانىنىڭ يېڭىدىن ئەھيا قىلىنغان كۆچەتزارلىقىدا كۆچەتلەرگە سۇ قويىۋاتاتتى. تۇرغۇن قاتارلىقلار ئۇنى كۆرۈپ ئۇھ دېگەن بولسىمۇ باشقا گەپ قىلالمىدى، ۋۇدىڭيۇنمۇ باشقىچە كەيپىياتتا بولماي، ئارىدىكى جىددى كەيپىياتنى پەسەيتىپ:

ـ قاراڭلار،ئاسماندىكى ئايغا! ئۇ بىزگە ئىللىق قاراۋاتىدۇ. مۇشۇنداق كېچىدە سۇ تۇتۇش نېمە دېگەن راھەت ـ ھە؟! ياتاقتا بېكىنىپ ئولتۇرغاندىن شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بەكمۇ پەيزى بولىدۇ دەڭلار؟ ـ دېدى.

ۋۇدىڭيۇن كۆچەتزارلىقتىن قايتىپ كىرگىلى ئۇنىمىدى، تۇرغۇنمۇ بىللە تۇردى، ئۇلار كېچە سائەت 00 : 3 بولغاندا سۇنى قويۇپ بولدى، ئۇلار شۇندىلا ياتاققا قايتىپ كەتتى....

# ئۆكسگەن تىنىققا جان بەرگەن ئۇدۇم

ۋۇدىڭيۇننىڭ ئوغلى ۋۇجوڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، ئالىي مەكتەپتە ئىمتىھان بەرگەن بولسىمۇ، 10 نەچچە نومۇرى كەملەپ، شاللىنىپ قالدى. ئۇ دادام بىر ئامال قىلىپ يولۇمنى مېڭىپ،ئالىي مەكتەپكە كىرگۈزۈپ قويىدۇ دەپ ئويلىغان ۋۇجىڭ دادىسىنىڭ توغرا يولدا مېڭىش ھەققىدىكى نەسىھەتىنى ئاڭلاپ مەيۈسلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ قورساق كۆپى شۇنچىلىك كۆپ ئىدى، بىراق ئۇ بۇ قورساق كۆپىكىنى چىقىرىشنىڭ ئامالى بىرەر ئىش تېپىپ ئىشلەپ دەپ ئويلىدى ھەمدە مەلۇم قۇرۇلۇش ئورنىغا بېرىپ مەدىكار ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى.

1985 - يىلى 8- ئاينىڭ 20 كۈنى ۋۇجۇڭ قۇرۇلۇش ئورنىدا خىش، لاي توشۇۋاتاتتى، كۈتمىگەن يەردىن بۇ يەرگە ۋۇدىڭيۇن پەيدا بولۇپ قالدى ھەمدە ئوغلىنى جىددىي ھالدا ئېلىپ ماڭدى، ۋۇجۇڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سوراشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى.ئۇنى دادىسى ئۇدۇل دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى ھەمدە ئۇكۇل بۆلىمىگە ئەكىرىپ:

- ئالدى بىلەن پۇت - قولۇڭنى پاكىز يۇيۇپ تەييار بول، سەن باشقىلارغا قان بېرىسەن؟ - دېدى.

17 ياشقا كىرگەن ۋۇجۇڭ بىردىنلا ئەنسىرەپ قالدى، شۇ چاغدا ۋۇدىڭيۇن:

- قورقما، ھېچ ئىش بولمايدۇ.سىنىڭ قېنىڭ ھاياتى قىل ئۈستىدە قالغان، قان تىپى سەن بىلەن ئوخشاش بىر بىمارغا سېلىنىدۇ، باشقا ئەندىشىدە بولما، ساڭا زىيان يەتمەيدۇ، - دېدى.

ۋۇجوڭ سەل قورقۇپ، بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئۇ قىلىپ باقمىغا بۇ ئىشتا يەنىلا تەۋەككۇل قىلىش لازىملىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ پاقىراپ تۇرغان ئوپېراتسىيە يىڭنىسىغا بىلىكىنى تۇتۇپ بەردى. ئۇ باشقىلاردىن قان بېرىش سالامەتلىككە زىيانلىق دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، باشقىچە گەپ قىلىشقا رايى بارمىدى. ۋۇدىڭيۇن قان بېرىپ بىر جاننى قۇتقۇزغانلىقىنىڭ شۇ قەدەر ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپ چىقىپ كەتتى،

ۋۇجۇڭنىڭ 300 مىللى گىرام قېنى باشقىلارنىڭ تومۇرىغا ئاقتى. قان قوبۇل قىلغان بىمار بارا - بارا ياخشىلىنىپ، كۆزلىرى نۇرلىنىشقا باشلىدى. كېيىن ۋۇدىڭيۇن ئۇنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ:

- سەن بەك چوڭ ئىش قىلدىڭ، مەن سەندىن سۆيۈندۈم، بىر ئادەمگە نىسبەتەن يەنە بىر ئادەمنى قۇتقۇزۇۋېلىش پۇرستى دائىم كەلمەيدۇ،ئازراق قان تەقدىم قىلغانىڭ بەدەنگە ھېچقانداق زىيىنى يوق، سەن يەنىلا ساق - سالامەت تۇرىۋاتىسەن،بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشتىنمۇ شەرەپلىك ئىش يوق، شۇ ئىشنى سەن قىلدىڭ،- دېدى.

ۋۇجوڭ دادىسىنىڭ باھاسىنى ئاڭلاپ بىردىنلا دىلى يورۇپ قالدى.

ۋۇجۇڭ قان بەرگەن قىزغىز ئايالنىڭ ئىسمى سۇشەن بولۇپ،بۇنىڭدىن بىر يېرىم ئاي ئىلگىرى ئېتىزلىقتا ئەمگەك قىلىۋاتاقاندا توساتتىن قورسىقى ئاغرىپ يېتىپ قالدى. ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇنى يېزىلىق شىپاخانىغا ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭغا چىقۇق كېسىلى دەپ دىئاگنوز قويۇلدى. ئۇ بىر ھەتە داۋالانغان بولسىمۇ، ئۇنىمى زابلا بولمىدى. بەلكى ئەھۋالى بارغانسېرى يامانلىشىپ، ئورنىدىن تۇرالماس بولۇپ قالدى. ئۇ ھەتتاكى كۈتمىگەن يەردىن ھۇشىدىن كېتىپ، قورساق تۆۋەنكى قسىمىدىن قان ئېقىپ قالدى. بۇنى بىلگەن ئىنىسى ئۇنى ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا كېچىلەپ ئېلىپ باردى. دىجۇرنى دوختۇر تەكشۈرۈپ، ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىر چاغدا دوختۇرخانا باشلىقى ۋۇدىڭيۇننى چاقىرىپ، بىر نەرسە دەپ بېرىشنى ئۆتۈندى. ۋۇدىڭيۇن ئىنچىلىك بىلەن تەكشۈرگەندىن كېيىن، بالا ياتقۇ سىرتىدا ھامىلە بولۇپ قېلىشتىن پەيدا بولغان ئاغرىق ئىكەن دەپ قارىدى ھەمدە ئوپېراتسىيە قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئايالغا قان بېرىش ناھايىتى زۆرۈر ئىدى. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ قېنىنىڭ ماس كەلمەسلىكىدىن بىر قىسمىلا بولدى. ئۇ ئويلىنىپ، ئوغلىنىڭ قېنىنىڭ ماس سېلىشىدە گەپ يوقلىقىنى پەرەز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇرۇلۇش ئىش ئورنىغا بېرىپ ئوغلىنى چاقىرىپ كەلدى.

سۇشەنىنىڭ ھاياتى قۇتقۇزۇلدى، ۋۇجوڭنىڭ بۇ ئىشتىكى تۆھپىسى شۇ قەدەر چوڭ بولدى.ئۇ بۇنى كېيىن ھېس قىلىپ دادىسىنىڭ توغرا

قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ دادىسىنىڭ قان بېرىشتەك ئارتۇقچىلىقىنى ئۇدۇم قىلىپ، باشقىلارغا بەخت ئاتا قىلىش ئۈچۈن بەدەل تۆلىگەنلىكىنى تونىدى.

سۇشەن ۋۇدىڭيۇنگە مۇنداق دېدى:

- ئوغلىڭىز ئەقىللىق، جىلى بالا ئىكەن، ئۇ مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

- بىز ھەممىمىز بىر ئائىلە كىشىلىرى،قان بېرىش، ياردەم قىلىشتا بولسۇن، ھېچ نەرسىنى ئايىماسلىقىمىز كېرەك.-دېدى ۋۇدىڭيۇن تەسەللىي بېرىپ.

## ياخشى دوست - كىتاب

«ئادەمنىڭ ئەڭ ياخشى دوستى كىتاب، چۈنكى كىتاب ئادەمگە ھەم بىلىم بېرىدۇ، ھەم ياخشى ئادەم بولۇشنى بىلدۈرىدۇ».

مانا بۇ ۋۇدىڭيۇننىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان تەشەببۇسلىرىدىن

بىرسى. ۋۇدىگيۇن كىتابقا ھېرىسمەن، كىتابخومار ئادەم. ئۇ نەگە بارسا، كىتاب ئېلىپ يۈرەتتى، سىرقا خىزمەتكە بارسۇن ياكى ئېكىسكورسىيىگە بارسۇن، شۇ يەردىكى كىتابخانىلارنى ئارىلاش بىر تۇرلۇك ئادىتى ئىدى. ئۇ ئايالى ياىكى ئۆزى بازارغا چىقسا، بېخللىق قىلاتتى، بىراق كىتابخانىغا كىرسە، كەڭ قوللۇق، سېخيلىق ئۇنىڭدىن ئايلىناتتى. كىتاب كۆرۈش جەريانىدا قايسى بىر كىتابنى ياقتۇرۇپ قالسا، ئۇنىڭ پۇلىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىنەزەر ئالماي قويمايتتى. بەزىدە ئۇنىڭ ياخشى كىتابلارنى سېتىۋېلىشقا پۇلى يەتمىگەن چاغلارمۇ بولغان، بۇنداق چاغدا ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، كېيىنچە پۇل تاپسىلا سېتىۋالاتتى، ئايالى ئۇنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىگە ئىسىم قويۇپ، «كىتاب قۇرۇتى» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋۇدىگيۇن بەكلا كۈلۈپ كەتتى. لېكىن ۋۇدىگيۇننىڭ ئايالى ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا بەكلا سۆيۈنەتتى. شۇڭا ئۇ ئۇنىڭ كىتابلىرىنى دائىم رەتلەپ، پاكىز تۇتۇپ،ئاسراپ بېرەتتى، ئۇ ئۇنىڭ كىتابلىرى دائىم تۈرلەرگە ئايرىپ قوياتتى؛ ۋۇدىگيۇننىڭ بىكار بولسىلا كىتابخانىغا كىرىپ كۆز ئەينىكىنى تاقىۋېلىپ كىتاب ئوقۇشى، كىتاب كۆرۈپ خاتىرە يېزىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرەتتى.

بىر قېتىم ۋۇدىگيۇن ئۈرۈمچىگە بېرىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتنىشىپ قايتىپ كەلدى. ئۇ ھېرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا كىرسلودا يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ئويغانغاندىن كېيىن:

- خۇتۇن، ساڭا كېيىم ئالغاچ كەلدىم، سومكىدىن ئالغىن، - دېدى.

ھەمىشە بىر نەرسە ئالغاچ كېلىڭ دەپ تاپىلىسا، ئۇنتۇلۇپ قالىدىغان ۋۇدىگيۇن بۇ قېتىم قانداق بولۇپ دېمىسىمۇ خاوتۇنىغا كېيىم ئالغاچ كەلگەندۇ؟ خوتۇنى ئۇنىڭ سومكىسنى قىزغىنلىق بىلەن ئاختۇردى. بىراق ئۇنىڭ سومكىسىدىن كىتابلا چىقتى، نۇرغۇن كىتابلارنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاستىدا پۈرلىشىپ كەتكەن «يېڭى كېيىم»دىن بىر قۇر تاپتى.

ۋۇدىگيۇننىڭ ئۆيىدىكى كىتان ئىشكابىدا ناھايىتى نۇرغۇن كىتاب بار. ئۇنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ۋۇدىگيۇن ئوقۇغان، ئىگەنگەن بولۇپ، بىرسىمۇ بىكارغا تۇرۇپ قالغان ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۇنىڭ بۇ

كىتابلىرى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىلگەن، كىمگە ئۇنىڭ ئۆيىدىكى كىتاب لازىم بولسا ئالدى بىلەن ئارىيەت بېرەتتى، بەزىلەرگە ئارىيەت بەرگەن كىتابلار مەڭگۈلۈك ھەدىيە بولۇپ كېتەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ كىتاب ئىشكابىدىكى كىتابلار تۇرۇپلا ئازلاپ قالاتتى. ۋۇدىڭيۈن بولسا ئۇنى سېتىۋېلىش يولى بىلەن تولۇقلاپ قوياتتى.

بىر كۈنى خوتۇنى تاقەت قىلالماي:

ـ كىتابلىرىڭىزنى باشقىلار ئېلىۋېلىپ بەرمىسە كارىڭىز بولمايدىكەن، لازىمى يوق كىتابلارمۇ ياكى بەرمىسىمۇ بولامتى؟ ئۇنداق ئەمەسمىكىن دېسە، يەنە سېتىۋالىدىكەنسىز. باشقىلارغا بەرگەن كىتابلارنى قايتۇرۇۋالايلى، ئۇلارمۇ سىزگە ئوخشاش پۇلغا ئالسۇن! ـ دېدى. كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ـ مېنىڭ كىتابلىرىم بىكار تۇرسا بولمايدۇ، باشقىلار پايدىلانسا مەن شۇنىڭغىمۇ خوش بولىمەن، سىزمۇ بىلىسىز، دوختۇرخانىمىزدا ياش تايانچ كۈچلەر كۆپەيدى، ئۇلارنىڭ كەسپىي ئاساسىي بەك ئاجىز، ئۇلارنى تەربىيىلەش بىلەن ئۆزى ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈش ناھايىتى زۆرۈر. ئۇلارنىڭ كىتاب ئوقۇپ بىلىم ئېلىشقا قىزىقىشى چوڭ ئىش. مەن ئۇلارنى قوللىمىسام بولمايدۇ، شۇ باھانىدە كىتابنى دوست تۇتۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، مېنىڭ كىتابلىرىم مۇشۇ رولنى ئۆتەشكە تۈرتكە بولسا، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. مەن كىتابلىرىم ئارقىلىق ئۇلارغا ياردەم بەرسەم، بەك ياخشى ئىش قىلغان ھېسابلىنىمەن.

بىر ئادەمنىڭ سەخسىيىتى مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا شۇ ئادەم نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلىشى مۇمكىن، ئەمما بىر ئادەم ئۆزىنىڭ شەخسىيىتىنى باشقىلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈستىگە قويالىسا، ئۇ چاغدا بۇ ئادەمنىڭ قولغا كەلتۈرىدىغانلىرى ئۆزى ئويلىغاندىنمۇ كۆپ ۋە شەرەپلىك بولۇشى مۇمكىن. ۋۇدىڭيۈننىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇ قولغا كەلتۈرگەن شان ـ شەرەپلەرنىمۇ مانا مۇشۇنداق روھ، پەزىلەتتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى. ئۇ كىتابلىرىنى ئۆزىنىڭلا مۈلكى دەپ قارىماستىن، كۆپچىلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان خاسلىققا ئىگە قىلىش بىلەنمۇ باشقىلارغا يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

# ۋۇدىڭيۇننىڭ يۈرەك پارىسى

ماي ئايلىرىدا پامىر ئېگىزلىكى يېشىللىق بىلەن پۈركىنىدۇ، شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىسىدە يېڭىدىن سېلىنغان ئۇلۇغچات ناھىيە بازىرىدىكى «يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ئابىدىسى»نىڭ ئەتراپىدىكى گۈللەر ئېچىلىپ، كىشىنى مەھلىيا قىلدى. بۇ كۈنى ۋۇدىڭيۇننىڭ قىزى ۋۇيەن بەش ياشلىق ئوغلىنى ئاشۇ ئابىدە ئەتراپىدا تاماشىشا قىلدۇرۇش بىلەن ئارام ئېلىۋاتاتتى. ئامراق دادا ۋۇدىڭيۇن ئۇنى يىراقتىنلا كۆردى ھەمدە ئۇدۇل شۇ تەرەپكە

باردى. ۋۇيەن دادىسىنى كۆرۈپ خوش بولدى.

ـ يەنزى، ـ دېدى ۋۇدىڭيۇن ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن، نەۋرىسىنى ئەركىلەتكەچ، ـ ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسىدا ئېغىر كېسەل بىلەن ئاغرىپ ياتقان بىر ساقچى يولداش بار، ئۇنى شىنجاڭ تېببىي ئونىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى دوختۇرخانىغا ئاپىرىش ناھايىتى زۆرۈر. بىزنىڭ دوختۇرخانىدا داۋالاش مۇمكىن بولمىدى، ئۇنى بىر ئادەم ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بېرىپ ياردەم قىلىشنى كېرەك. ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى سەن ئوبدان چۈشىنىسەن، شۇڭا سىنى بارسۇنمىكىن دەيمەن، قانداق قارايسەن؟ ئۇلارغا ياردەم قىلمىساق بولمايدۇ، ـ دېدى.

«يىنزى» قارلىغاچ دېگەن مەنىدە بولۇپ، ۋۇدىڭيۇن ئۇنى ئەركىلىتىپ دائىم شۇنداق ئاتايتتى. بۈگۈن ئۇ دادىسىنىڭ كەسكىن كەيپىياتىنى كۆرۈپ، ئارتۇقچە ھەپ قىلىشنىڭ ئورنى يوقلىقىنى بىلدى ـ دە:

ـ بولىدۇ، مەن باراي، ـ دېدى.

ۋۇيەن شۇ كۈنلەردە دەم ئېلىشنى ئېلىپ ئارام ئېلىۋاتتى، مانا ئەمدى بۇمۇ يوققا چىقتى. دادىسى ئۇنىڭغا تولىمۇ مېھىرلىك قارىدى، ئۇنىڭدىن قىزىغا بولغان كۆيۈنۈش بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن كۈتكەن ئۈمىدلىرىنى چىقىپ تۇراتتى.

ـ بىمارنى دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، شىخەنزىگە بېرىپ، چوڭ ئاناڭنى يوقلىغاچ كەلگىن، ـ دېدى ۋۇدىڭيۇن تاپىلاپ، ـ شۇ يەردە ئارام ئالساڭمۇ بولىدۇ، نەۋرەمگە ئۆزەم ئىگە بولىمەن...

ـ دادا سىزمۇ ئارام ئېلىشنى ئۇنتۇلۇپ قالماڭ، قاراڭ ئۆزىڭىزگە! كۆزلىرىڭىز قىزىرىپ ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. چاچلىرىڭىزمۇ چۈشۈپ، بەكلا شالاڭشىپ كېتىپتۇ...

بىر ئاز پاراڭدىن كېيىن، ۋۇيەن شۇ كۈنلا ھېلىقى بىمارنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يۈرۈپ كەتتى.

بىمارنىڭ ئىسمى قاسىم بولۇپ، ئوقسالۇر يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ قىرغىز ساقچىسى ئىدى. ۋۇيەن يولدا كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا قىزغىن بولدى ھەمدە تۈز، چىقىشقاق مىجەزى بىلەن بىمارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى، يول بويى بىمارنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلدى.

ئۇنىڭ قاتتىق ئۇيقۇسى كەلگەندە ،ئورۇندۇققا يۆلىنىپ بىر ئاز ئوخلاپلا بولدى قىلدى.

ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن، ئۇياق- بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، بىمارنى تېزلا ياتاققا ئالدۇرۇپ ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ ماڭىدىغان چاغدا بىمارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ئالاقە قىلىش ئادرېسلىرىنى قالدۇرۇپ قويدى.

- قىزىم سىزگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت،سىزنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇلۇپ قالمايمىز، - دېدى ئۇلار چوڭقۇر مېھرى بىلەن تەشەككۈر ئوقۇپ.

قاسىم دوختۇرخانىغا كىرىپ سەككىزىنچى كۈنى بولالماي، قايتىپ كېتىدىغان بولدى، ئۇنىڭ بۆرەك راكى ئاخىرقى باسقۇچقا كېلىپ قالغان بولۇپ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەيتتى.شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەر ۋۇ يەننى ئىسگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا تېلېفون قىلدى. ۋۇ يەن دەرھال ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى ھەمدە ۋۇدىڭيۇنگە تېلېفون قىلىپ قانداق قىلىش توغرىلىق كۆرسەتمە سورىدى. ۋۇدىڭيۇن ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆزلىشىپ، بىمارنىڭ ئايرۇپىلان بىلەن كېلىشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىراق ئۇلار خىراجەت قىس، ئاپتوموبىل بىلەن قايتىپ كەلسە، دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋۇدىڭيۇن قىزىغا تېۋلېفون قىلىپ:

- ئۈرۈمچىدە دوختۇرخانىنىڭ ئىككى يۈك ئاپتوموبىلى قايتىپ كەلمەكچى بولۇپ تاراتتى، سەن بىمارنى شۇ ئاپتوموبىلغا سېلىپ قايتىپ كەل، بىمارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئال!- دېدى.

ۋۇيەن بىمارغا قارىغاھ بىر ئاپتوموبىلغا، بىمارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر يەنە بىر ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتى.

ئۇلارغا يولغا چىقىپ، ئۈچىنچى كۈنى، يەنى 1997-يىلى 5- ئاينىڭ 23 - كۈنى سەھەردە ئاپتوموبىل ئۇلۇغچاتقا يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندا، كۈتۈلمىگەن ھادىسە يۈز بەردى. ئېغىر قاتناش ۋەقەسى يۈز بەردى- دە، خاسىيەتلىك ئىش قىلىۋاتقان ۋۇيەن بەختكە قارشى قازا قىلدى.

شۇ كۈنى ئەتىگەن سائەت ئۈچ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە سائەت ئالتىدە ۋۇدىڭيۇننىڭ قۇلىقىغا يەتتى، ئۇ ھاڭ - تاڭ قالدى. ئۇنىڭغا ئاسمان گۈمۈرۈلۈپ كەتكەندەك تۇيۇلدى، ئۇلۇغچات ناھىيەسىدە قاتتىق يەر

تەۋرىگەن چاغدا ۋۇدىگيۇن شۇنچىلىك ئىزتىراپ ۋە بەختسىزلىككە تولغانىدى. مانا ئۇ ئۆمرىدە يەنە بىر قېتىم شۇنداق بەختسىزلىك ۋە ئازابنى سەزدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن جۇدالىق ياشلىرى، مەڭگۈلۈك مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن تولغان ئارتىلىق ياشلىق ئاقتى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئاشۇ قارلىغاچنىڭ قايتىپ كېلىشىنى سانسىز قېتىم كۈتتى، بىراق ئۇ قايتىپ كەلمىدى. يۈرەككە ئۆزى دەپ بېرەلمەيدىغان سېغىنىش، جۇدالىق ئورناپ كەتتى. ۋۇدىگيۇن بەزىدە ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغاندا، ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ئىشى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغانلىقىنى ئويلاپ، قىزىم ياخشى ئىش قىلدى، بۇ ئۇنىڭ ۋە مېنىڭ بەختىم ئەمەسمۇ؟ دەپ تەسەللىي تاپىدىغان بولدى. ئۇلۇغچات ناھىيەسىدىكى قېرىنداشلارمۇ ۋۇيەننىڭ ياخشى تەربىيىنى قىلىپ، ئۇنىڭغا ياخشى قىش ئىدى، بىز مەڭگۈ ئۇنى ياد ئېتىمىز دەپ تەربىيىنى قىلدى.

# خاتىمە

ئادەم ئۆلىدۇ، ئەجىر ئۆلمەيدۇ؛ئازاب ئۆلىدۇ، بەخت ئۆلمەيدۇ. چۈنكى دۇنيا مېھرىبانلىق بىلەن گۈزەل،مېھرىبانلىق بولسا، سەممىيلىك ئارقىلىق ئۆزىنى يارىتىدۇ. بىز تەرىپىنى قىلغان ۋۇدىگيۇن سەمىيلىكنى ئۆزىنىڭ بىردىن بىر مىزانى قىلغان. ئۇ يەنە ئاشۇ زېمىنىغا مۇھەببەت باغلىغان. مۇھەببەت ـ سەممىيەت بىلەن قەدىرلىك، ئۇ مەڭگۈ تۈگمەيدىغان بولاققا ئوخشاش ئۇلۇغ بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ئۇلۇق مۆجىزىلەر، ئۇلۇق ئىشلار يارىلىدۇ. مانا مۇشۇ بىر قاتار ئىشلار ۋۇدىگيۇننى ياراتتى ۋە ئۇنى ھايات، كەسپىنىڭ ۋەسلىدە ھەقىقى جەۋلان قىلىش پۇرستىگە ئىگە قىلدى.

ۋۇدىگيۇننىڭ قارىشچە، ئۇ ئۇلۇق ئىجادىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى ئەمەس، بەلكى قوغدىغۇچىسى! ئۇ دەل مۇشۇ ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغان، ئۇ،كەسپىنى ۋايىغا يەتكۈزۈشنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش بەدىلىگە باشقىلارغا ئۇلۇغ روھىنى، ئادەملىك پەزىلىتىنى نايان قىلغان. دېمەك، ئادەم ئۆز ئىشى بىلەنمۇ قەدىرلىك، شۇنداقلا ئۆز ئىشى ئارقىلىقمۇ شۆھرەتلىك بولالايدۇ، گەپ ئۇنى بارلىقىنى ئاتاپ تەقدىم قىلىپ، ھەقىقىي يۈسۈندا نامايان قىلىش ـ قىلالماسلىقتا بولىدۇ.

ھازىر قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسى كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ۋۇدىگيۇن ـ جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ گاۋيۇ ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، ئۇ ئۇلۇغچات ناھىيەسىگە كەلگەن 46 يىل داۋامىدا، يۇقىرىدا بايان قىلىغاندەك ئاجايىپ ياخشى ئىشلارنى قىلدى، ئۇنىڭ ھەر بىر ئىشىغا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق، كۈچلۈك قىزغىنلىق سىڭگەن بولۇپ،ئۆزىنىڭ بارلىقىنى چېگرا رايۇن خەلقىگە ھەقىقي بېغىشلاپ،ئىلگىرى ـ ئاخىرى 30 نەچچە قېتىم ھەقسىز قان تەقدىم قىلىشتەك كىشىنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالىدىغان ئۇلۇغ ئىشنى قىلغان.ئۇ يۈكسەك كەسپىي ئەخلاقى ئارقىلىق ئىش ئورنىنى قەدىرلەپ،ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن

سانسىزلىغان بىمارنى قۇتقۇزۇپ، ئازابتىن ئادا ـ جۇدا قىلغان. ئۇنىڭ روھى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى، ئۇيۇلتاشتەك بىرىكىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىلھام بېرىدۇ. بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭغا ياردەمگە كېلىۋاتقان كادىرلارغا بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە نېمىلەرنى قىلىپ بېرىشى زۆرۈر بولغانلىقىدەك مۇھىم ئىشنى ھېس قىلدۇرسا،شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ چۈشۈنۈشىنى قانداق چۇڭقۇرلاشتۇرۇش، مۇقىملىق،باراۋەرلىك،ئىتتىپاقلىق تەرەققىياتىدىكى كۈچىنى قانداق ئۆستۈرۈش ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى چۇڭقۇرلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

2010 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، قەشقەر.